







يوقىرىدا: 1993 - يىلى 1 - ئايدا
پىچاندىن قېزىلغان 4 مېتىر ئېگىز
لىكتىكى، 9 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ،
30 مىليون يىل ئاۋالقى تاشقا ئايلان
غان كەركىدانىنىڭ سكىلىتى

ئوتتۇرىدا: قەدىمىي يىپەك يولى

تۆۋەندە: قەدىمىي ئىدىقۇت شەھىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەڭسۇ دۇڭخۇاڭ موگاۋ غارىدىكى مىڭ ئۆيي تام سۈرەتلىرىدىن ئەلنەغمە كۆرۈنۈشى ( 7 . ئەسىر )



ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى غازى ئەمەت سىزغان






شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھېسابسىز تەبىئى بايلىقلىرى
خىتاي ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن تالان ـ تاراج قىلىنماقتا.
سۈرەتتە: تەكلىماكاندىكى نېفىت قۇدۇقلىرى،
مايتاغدىكى نېفىت زاۋۇتلىرى ۋە ئۈرۈمچىدىكى نېفىت
ۋاگونلىرى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




شەرقىي تۈركىستان خەلقى نېفىت، ئالتۇن ، تۆمۈر، كۆمۈر قاتارلىق ھېسابسىز كان بايلىقلىرىغا ئىگە بولسىمۇ بۈگۈن « ئالتۇن تاۋاق كۆتىرىۋالغان تىلەمچى » گە ئايلىنىپ قالدى.



شەرقىي تۈركىستاندا ئاتوم بومبىلىرى، ھەربىي تەييارلىقلار ، مۇھىت بولغىنىشلىرى ۋە قانلىق باستۇرۇشلار خەلقىمىزنى ئاچ - يالىڭاچلىقتا ھەمدە ئېغىر كېسەللەرگە گىرىپتار قىلماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



Doğu Türkistan Bağımsızlık Mücadelesinin Liderleri .

شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال كۈرىشىنىڭ يېتەكچىلىرى



شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ بىرقىسىم ھەيئەتلىرى . 1998- يىل

# شەرقى تۈركىستان قوللانمىسى


يازغۇچى : مۇئاۋىن ئالى مۇھەررىر

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر

تۈركچە تەرجىمە قىلغۇچى ھامىت گۆكتۈرك

ئەرەپچە تەرجىمە قىلغۇچى ئەخمەتجان ئوسمان



شەرقى تۈركىستان ۋەقىپى تەتقىقات مەركىزى

تۈركىيە ـ ئىستانبۇل

1999

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، ئىستىلاچى ۋە ئىشغالىيەتچى خىتايلار ئۇنتۇلدۇرۇشقا ، پەيدىن - پەي يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بىر دۆلەتنىڭ - تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتىنىڭ ھەقىقى كىملىگىنى ۋە ھەقىقى كۈچىنى ئۇنتۇرىغا قويۇش مەقسىدىدە ، ھەر تەرەپلىمە ئىلمى تەتقىقاتلارغا ئاساسلىنىپ بىر مەزگىل جاپالىق ئەمگەك قىلىش نەتىجىسىدە تەييارلاندى.

بۇ دۆلەتنىڭ ئىسمى شىنجاڭ ئەمەس شەرقىي تۈركىستان. زىمىنىدا شانلىق ھون، كۆكتۈرك، ئۇيغۇر ، قاراخانىلار دۆلەتلىرىنى قۇرغان، سەئىدىيە قاتارلىق بىرمۇنچە مۇستەقىل خانلىقلارنى تەشكىل قىلغان، تۈرك ۋە ئىسلام مەدىنىيىتىنىڭ ئۈچمەس سىمالىرىنى يېتىشتۈرگەن بۇ دۆلەتنىڭ بەختسىز قارا كۈنلىرى 1759 - يىلىدىكى خىتاي - مانجۇ تاجاۋۇزچىلىقى بىلەن باشلاندى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىستىلاچى خىتايلارغا قارشى مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىش، مىللى ۋە مەدىنى مەۋجۇدىيىتىنى ، كىملىگىنى، دىنى ئەقىدىلىرىنى قوغداش ئۈچۈن 200 قېتىمدىن كۆپرەك قۇراللىق قوزغىلاڭلار قىلدى ۋە ئىستىلاچىلارنى بىر نەچچە قېتىم يۇرتىدىن قوغلاپ چىقاردى. 1863 - يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى، 1933 - يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتىنى، 1944 - يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى.

ھېچقانداق زوراۋانلىق ۋە زۇلۇم مەڭگۈلۈك داۋام قىلالمايدۇ . خۇددى ئاتا تۈرك ئېيتقاندەك: دۇنيادا بىر ھەق باردۇر ، ھەق قۇۋۋەتتىن ئۈستۈندۇر . سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانىڭ پات ئارىدا مۇستەقىللىق ھەققىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

بۇ كىتاپتا قەدىمى ۋە ئەبىدى تۈرك ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستانىڭ تارىخى ھەمدە بۈگۈنكى رىئاللىقى ئېچىپ بېرىلگەن. كىتاپنى يۈكسەك مەسئولىيەت بىلەن تەييارلىغان تەتقىقاتچىمىز دوچانت ئابلىكىم باقى ۋە تەرجىمان ھامىت كۆكتۈركلەرگە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن ھەمدە تەتقىقاتلىرىنىڭ داۋاملىشىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن:

شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى ، شەرقىي تۈركىستان ۋەقپى باشلىقى

گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىن

## مۇندەرىجە


1 ـ باب شەرقى تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيىۋى ئەھۋالى
جۇغراپىيىۋى ئورنى ..............................................
تاغلىرى ..............................................................
ئويمانلىقلىرى .......................................................
دەريا ، كۆللىرى ...................................................................
ناھىيە، ئوبلاست ، ۋىلايەتلىرى .............................
ئاساسلىق شەھەرلىرى ............................................
2 ـ باب شەرقى تۈركىستاننىڭ نوپوسى ۋە مىللى تەركىبى
نوپوس سانى ........................................................................
مەتبۇئاتتىكى نوپوس سانى ........................................
يەرلىك تەزكىرىدىكى نوپوس سانى ............................
مىللەتلەرنىڭ تەركىبى ................................................
3 ـ باب شەرقى تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى
شەرقى تۈركىستان ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنىدۇر ........
ئۇيغۇر ئورخون قاغانلىقى ...........................................................
ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى ..........................................................
ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى ................................................................
ئۇيغۇر كەڭسۇ دۆلىتى .....................................................................
ئۇيغۇر سەئىدىيە دۆلىتى ...........................................................
ئۇيغۇر قەشقەرىيە دۆلىتى ......................................................
ئۇيغۇر ئىلى دۆلىتى ..............................................................

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەرقى تۈركستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى ...................
شەرقى تۈركستان جۇمھۇرىيىتى .................................

## 4 ـ باب شەرقى تۈركستاننىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى

ئىقتىسادى ئىگىلىگى :
سۇ مەنبەلىرى ..................................................
يەر بايلىقلىرى .................................................
دېھقانچىلىق .....................................................
چارۋىچىلىق .....................................................
ئورمانچىلىق .....................................................
بېلىقچىلىق .....................................................
قول ھۈنەرۋەنچىلىك ..............................................
باغۋەنچىلىك ،كۆكتاتچىلىق ......................................
ياۋايى ھايۋان ، دورا ئۆسۈملۈگى ...............................
سانائەت قۇرۇلۇشى :
يېنىك سانائىتى ..................................................
توقۇمىچىلىق سانائىتى ...........................................
ئېلىكتىر ئېنىرگىيىسى قۇۋۋىتى ....................................
نېفىت سانائىتى ..................................................
كۆمۈر سانائىتى ..................................................
پولات ـ تۆمۈر ....................................................
رەڭلىك مېتال سانائىتى ............................................
ماشىنىسازلىق ـ ئېلىكترون سانائىتى ...............................
بىناكارلىق سانائىتى ..............................................
خىمىيە سانائىتى .................................................
قاتناش ـ ترانسپورت سانائىتى .....................................

5 ـ باب شەرقى تۈركستاننىڭ مىللى مەدەنىيتى
ئۇيغۇر مائارىپى ..................................................
ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى ..................................................
ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ..................................................
ئۆرف ـ ئادەتلىرى ..................................................
ئۇيغۇر تائاملىرى ..................................................
كىيىم ـ كىچەكلىرى ..................................................
ئولتۇراق ئادەتلىرى ..................................................
مەشهۇر ئاسارە ـ ئەتىقىلىرى ..................................................
6 ـ باب شەرقى تۈركىستاندا دىنى ئېتىقات
1 ـ ئۇيغۇرلاردا قەدىمي دىنلار :
ئۇيغۇرلاردا زەردوشت ( ئاتەشپەرەستلىك ) دىنى.......
ئۇيغۇرلاردا شامان دىنى ..................................................
ئۇيغۇرلاردا مانىي دىنى ..................................................
خىرىستىيان دىنى ..................................................
ئۇيغۇرلاردا بوددا دىنى ..................................................
2 ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى
3 ـ ئىسلامىيەتكە قارشى دۈشمەنلىكلەر ..................................................
4 ـ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ دىن دۈشمەنلىگى ..................................................
5 ـ ئىسلامىيەتنىڭ شەرقتىكى پولات قورغىنى ..................................................
7 ـ باب شەرقى تۈركىستاندىكى كوممۇنىزىم پاجىئەسى
« ئاپتونوم رايون » دىكى مىللى ۋە ئىنسانى هوقوق ..................................................
شەرقى تۈركىستاندىكى زېمىن داۋاسى ..................................................
شەرقى تۈركىستاندىكى ئىقتىسادى تالان ..................................................
شەرقى تۈركىستاندىكى كۆچمەن سىياستى........ ........

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەرقى تۈركىستاندىكى تۇغۇت چەكلەش سىياستى ........
شەرقى تۈركىستاندىكى ئاتوم يادرو سىنىقى تەھدىدى ........
8. شەرقى تۈركىستاندىكى قۇراللىق تەشكىلاتلار
« شىنجاڭ ھەربى رايونى » قوماندانلىق شتابى ..................
« شىنجاڭ ھاۋا ئارمىيىسى » قوماندانلىق شتابى ..................
« ژاندارما شىنجاڭ باش ئەترىدى » ..........................
« شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى » ............
9 - باب شەرقى تۈركىستان مىللى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى
1 - تىركىشىش باسقۇچى ( 1949 - 1960 ) ..........................
2 - يوشۇرۇن كۆرەش باسقۇچى ( 1960 - 1979 ) ...................
3 - ئاشكارا دىموگراتىك كۆرەش باسقۇچى ( 1980 - 1990 )......
4 - قىساس - ئىنتىقام باسقۇچى ( 1990 - ) ................
10 - باب خەلقارادىكى ۋەتەن داۋاسى
تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدە ......................................
سەئودى ئەرەبىستاندا .......................................
قازاقىستاندا ...................................................
ئۆزبەكىستاندا ...............................................
قىرغىزىستاندا ................................................
ئامرىكادا .......................................................
گىرمانىيەدە .....................................................
ئاۋىستىرالىيەدە ................................................
باشقا دۆلەتلەردە .............................................
پايدىلانغان ئەسەرلەرنىڭ تىزىملىگى ........................

# 1 ـ باب شەرقى تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيىۋى ئەھۋالى

ئاۋرۇپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان شەرقى تۈركىستان ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئانا ماكانى بولۇپ، سىياسى ۋە ستراتىگىيىلىك ئورنى، فىزىك جۇغراپىيىسى، شانلىق تارىخى، ئىتنىك تەركىۋى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيتى، يەرئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرى شۇنىڭدەك بۇگۈنكى، كوممۇنىزىم ئىستىلاسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ تارتىۋاتقان ئىچىنىشلىق ئازاۋى قاتارلىق جەھەتلەردە دۇنياغا تونۇلغان ، لىكىن ھازىرغىچە مۇستەقىل بولالمىغان بىر دۆلەتتۇر.

## جۇغراپىيىۋى ئورنى

شەرقى تۈركىستان ـ تۈركىستاننىڭ شەرقى قىسمى بولۇپ، خىتاينىڭ غەربى ـ شىمالىغا جايلاشقان . شەرق ۋە جەنوبى تەرىپى كەڭسۇ ( گەنسۇ ) ، كۆكنۇر(چىڭخەي ) ، تىبەت ( شىزاڭ ) بىلەن ، شەرقى شىمالىدىن ـ غەربى جەنوپىقىچە موڭغۇلىستان، روسىيە ، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر ، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن 5700 كىلومىترلىق ئۇزۇن مۇساپىدە چىگرىلىنىدۇ . شەرقتىن غەرپكە قەدەر 1900 كىلومىتىر، جەنوپتىن شىمالغا قەدەر 1500 كىلومىتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ھەيۋەتلىك ئىگىز تاغلار ، ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ تۆۋەن ئويمانلىقلار ، ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى دەريا ، ئەڭ چوڭ قۇملۇق ۋە قەدىمي تارىخى شەھەرلەردىن شەكىللەنگەن . تارىخى يەر مەيدانى 1 مىليون 828 مىڭ كىۋادرات كىلومىتىر بولۇپ ، ھازىر خىتايلار 1 مىيون 650 مىڭ كىۋادرات كىلومىتر ئىلان قىلماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تاغلىرى

شەرقى تۈركستاننى ئالتاي تاغلىرى، پامىر تاغلىرى، قاراقۇرۇم تاغلىرى، كوئېنلون تاغلىرى ۋە ئالتۇن تاغلىرى قاتارلىق ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. تەڭرىتاغلىرى بولسا جەنوپ ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ.

ئالتاي تاغ تىزمىلىرى - ئالتاي تاغلىرى شەرقى تۈركستاننىڭ شەرقى - شىمالى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، موڭغۇلىيە، روسىيە، قازاقىستانلار بۇ تاغ ئارقىلىق چېگرىلىنىدۇ. شەرقى تۈركىستان ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 400 كىلومىتىر ، ئەڭ ئېگىز چوققىسى دىڭىز يۈزىدىن 4774 مىتىر ئېگىزلىكتە .

پامىر ئېگىزلىكى - شەرقى تۈركىستاننىڭ غەربىگە جايلاشقان. تەڭرىتاغ، قاراقۇرۇم، ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ گىرەلەشكەن نۇقتىسى بولۇپ، « تاغلار بوۋىسى » دەپ ئاتىلىدۇ. دۇنيادىكى مەشھۇر سەككىز چوڭ مۇزلۇقنىڭ ئالتىسى بۇ ئېگىزلىكتە بولۇپ، « مۇزتاغ ئاتا » دەپ نام ئالغان مۇزلۇقنىڭ ئېگىزلىكى دىڭىز يۈزىدىن 6 754 مىتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئېگىز مۇزلۇق ھېساپلىنىدۇ.

كوئېنلون، قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسى - شەرقى تۈركىستاننىڭ جەنوبىغا جايلاشقان . شەرقى تۈركىستاندىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1800 كىلومىتىر، كەڭلىگى 1500 كىلومىتىر، ئەڭ ئېگىز بولغان چوگۇر چوققىسى دىڭىز يۈزىدىن 8600 مىتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ جومۇلاڭما چوققىسىدىن قالسىلا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇتاغ تىزمىلىرى غەربى - جەنوبى تەرەپتىن شەرققە سوزۇلۇپ چىمەن تاغلىرى ئارقىلىق مەشھۇر خېشى كورىدورىدىكى چىلەنشەن تاغلىرىغا تۇتىشىدۇ.

تەڭرىتاغ تىزمىلىرى - پامىر ئېگىزلىكى بىلەن ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقى كەڭسۇغا، غەربى قازاقىستانغا تۇتىشىدۇ. شەرقى تۈركىستاندىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1700 كىلومىتىر، كەڭلىگى 250 كىلومىتىر كېلىدۇ. دىڭىز يۈزىدىن 3 - 5 مىڭ مىتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. ئۇنىڭ خانتەڭرى

چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 6995 مېتىر ئېگىزلىكتە، بوغدا چوققىسى 5445 مېتىر ئېگىز بولۇپ، تۆمۈر چوققىسى 7438 مېتىر ئېگىزلىكتە تۇرىدۇ. تەڭرىتاغ شەرقى تۈركىستاننىڭ پەخرى - غۇرۇرى بولۇپ، ئۇنىڭ چەكسىز بوستانلىق، ئويمانلىق ۋە ۋادىلىرىنىڭ ھېساپسىز يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرى بۇگۈنكى ئىلىم دۇنياسىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرماقتا.

## ئويمانلىقلىرى

تارىم ئويمانلىقى - تەڭرىتاغنىڭ غەربى جەنوبى، شەرقى جەنوبى ئېتىكى بىلەن پامىر ئېگىزلىگىنىڭ شىمالى ئېتىكى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. بۇ تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى بولۇپ، كۆلىمى 811 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ مەركىزى قىسمىدا دۇنيادا مەشھۇر ۋە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان تەكلىماكان قۇملۇقى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى 337600 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ قۇملۇق ئاستىدا يوشۇرۇنغان سىرلىق تارىخ ۋە ھېساپسىز بايلىق بۇ زىمىننى « دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى » ، « دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئېنىرگىيە مەنبەسى » گە ئايلاندۇرۇپ قويغان.

جۇڭغارىيە ئويمانلىقى - تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ئېتىكى بىلەن ئالتاي تېغىنىڭ جەنوبى ئېتىگى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 380 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر. ئۇنىڭ مەركىزى قىسمىدا مەشھۇر قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى بولۇپ، كۆلىمى 48800 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

تۇرپان ئويمانلىقى - تەڭرىتاغنىڭ جەنوبى ئېتىگىگە جايلاشقان ، ئەڭ تۆۋەن يېرى دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەندە بولۇپ، ئىسۇردانىيەدىكى ئۆلۈك دېڭىزدىن قالسا دۇنيا بويىچە ئەڭ تۆۋەن ئويمانلىق ھېساپلىنىدۇ. بۇ يەردىكى قەدىمى مەدەنىيەت ئىزلىرى ۋە يوقىرى ھارارەتتىكى بوستانلىق مىۋىلىرى دۇنيانى جەلپ قىلىدىغان ئالاھىدىلىكلەردۇر.

www.uyghurkitap.com

# دەريا ۋە كۆللىرى

شەرقى تۈركىستاندا قېلىن قار - مۇز بىلەن قاپلانغان تاغ جىلغىلىرىدىن ھاسىل بولىدىغان 570 تىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك دەريا بار. تارىم دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، يەركەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، چەرچەن دەرياسى، قايدۇدەرياسى، كۆنچى دەرياسى، ئىلى دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇنغۇر دەرياسى، ماناس دەرياسى، ئۇرۇمچى دەرياسى قاتارلىقلار چوڭ دەريالار بولۇپ، تارىم ۋە ئىلى دەريالىرى دۇنياغا مەشھۇر، ئۇرۇمچى دەرياسى بولسا سۈيى ئارتىلىپ كەتكەن ۋە تېز گىنلەنگەن بولۇپ، قۇرۇق دەريا ھىساپلىنىدۇ.

تارىم دەرياسى - تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالى چېتىنى بويلاپ غەرپتىن شەرققە قاراپ ئاقىدىغان بۇ ئانا دەريا لوپنور كۆلىگە قەدەر ئېقىپ بارىدۇ. ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 2300 كىلومېتىر بولۇپ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن دەريالاردىن ھىساپلىنىدۇ. بۇ دەريانىڭ شاكىيو سۇ ئامبىرى يېنىدىكى ئېقىن مىقدارى يىلىغا 5 مىليارت كۇپمېتىر دىن ئارتۇق بولىدۇ.

ئىلى دەرياسى - تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئىلى ۋادىسىنى ئايلىنىپ ئېقىپ ئۆتىدىغان بۇ دەريا سۈيى ئەڭ كۆپ دەريا بولۇپ، تېكەس، كۈنەس ۋە قاش دەريالىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سۇ ئېقىن مىقدارى يىلىغا 15 مىليارت 800 مىليون كۇپمېتىرغا يېتىپ بارىدۇ. 12 مىليارت كۇپمېتىر سۇ قازاقىستانغا ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ.

ئېرتىش دەرياسى - شىمالى مۇز ئوكيان سۇ سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبى باغرىدىن باشلىنىدۇ. ئېقىن سۇ مىقدارى يىلىغا 12 مىليارت 600 مىليون كۇپمېتىر بولۇپ، 10 مىليارت كۇپمېتىر سۈيى قازاقىستانغا ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ.

شەرقى تۈركىستاندا يۈزدىن ئارتۇق كۆل بولۇپ، كۆپىنچىسى دەريالارنىڭ

چۆشۈرگىسىگە جايلاشقان. ئەڭ چوڭ لوپنور كۆلى ئاتوم سىناق مەيدانى رايونىدا بولۇپ ھازىر قۇرۇپ كەتكەن. ئىبنۇر كۆلى، ئايدىڭكۆل ، باغراش كۆلى قاتارلىقلارنىڭ سۇ يۈزى مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا بۇلۇپ، ئۇلۇڭغۇر كۆلى، ماناس كۆلى، سايرام كۆلى، بوغدا كۆلى، قاناس كۆلى، بورۇلتوقاي كۆلى، بارىكۆل قاتارلىق كۆللەر گۈزەل مەنزىرىلىك ساياھەت رايونلىرىنى ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش مەيدانىنى ھاسىل قىلغان .

## ھاۋا كىلىماتى

شەرقى تۈركىستان دېڭىزدىن يىراق ۋە ئېگىز تاغلار ئارىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ھاۋا كىلىماتى تىپىك قۇرغاق ھاۋا خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. يامغۇر ئاز ياغىدۇ، نەملىك نىسپىتى ئاز، قىش ئۇزۇن، ئەتىياز ، كۈز قىسقا، كۈن نۇرى چۈشىدىغان ۋاقىت ئۇزۇن ، يوقىرى - تۆۋەن تېمپىراتورا پەرقى چوڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 5 4 1 مىللىمېتىر بولۇپ، ھۆل - يېغىن غەربتىن شەرققە، شىمالدىن جەنوپقا قاراپ ئازىيىپ بارىدۇ. ئىلىدا يىللىق مىقدار مىڭ مىللىمېتىر بولسا، توخسۇندا ئاران 7 مىللىمېتىر يامغۇر ياغىدۇ. ياققان قارنىڭ قېلىنلىقى 5 ـ 5 2 سانتىمېتىر بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ نەملىكىنى ساقلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. دەريا سۇلىرىنىڭ ئاساسى مەنبەسى ئەرتىيازدا ئېرىگەن تاغدىكى قار- مۇزلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئېتىز سۇيىنىڭ % 0 8 نى ئىگەللەيدۇ.

شەرقى تۈركىستانىنىڭ شىمالى سوغۇق موتىدىل بەلۋاغ ، جەنوبى ئىسسىق موتىدىل بەلۋاغقا مەنسۇپ بولۇپ، شىمالدا يىللىق تېمپىراتورا سىلسىيە 7 گىرادوس، ئەڭ تۆۋەن تېمپىراتورا 0 دىن تۆۋەن 5 1 ـ 0 2 گىرادوس بولىدۇ. 1961 ـ يىلى 2 ـ مارت كۈنى چىڭگىل ناھىيىسىدە تېمپىراتورا 0 دىن تۆۋەن 7. 49 گىرادوسقا چۈشكەن. جەنوپتا يىللىق تېمپىراتورا سىلسىيە 10 گىرادوس بولۇپ، يوقىرى

www.uyghurkitap.com

تىمپىراتورا سىلسىيە 30 گىرادوستىن ئۈستۈن بولىدۇ . ئەڭ يوقىرى تىمپىراتورا سىلسىيە 6 . 7 4 گىرادوسقا چىققان. ئومۇمەن ، شەرقى تۈركىستاننىڭ ھاۋا كىلىماتى ياز پەسلى ئىسسىق، قىش پەسلى سوغۇق، كۈندۈزى ئىسسىق، كىچىسى سوغۇق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە .

## ناھىيە، ئوبلاست ، ۋىلايەتلىرى

شەرقى تۈركىستاننىڭ پۈتۈن زىمىنى ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان كىيىنكى دۆلەتلەرنى ۋە تارىم ، جۇڭغار ، تۇرپان ئويمانلىقلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا تەبئى ئۈچ رايونغا بۆلۈنگەن. خىتاي كوممۇنىست ئىستىلاسىدىن كىيىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئېلان قىلىنىپ، تەدرىجى ھالدا مەمۇرى رايونلارغا ئايرىلدى. مەركەزگە بىۋاستە قارايدىغان ئۈرۈمچى ( پايتەخت ) ، شىخەنزە، قاراماي قاتارلىق ئۈچ شەھەرگە ، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، تۇرپان، ئالتاي، تارباغاتاي، ئاقسۇ ، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت 8 مەمۇرى مەھكىمە- ۋىلايەتكە، ئىلى قازاق ئوبلاستى، سانجى تۇڭگان ئوبلاستى، بايىنغولىن موڭغۇل ئوبلاستى، بۆرتالا موڭغۇل ئوبلاستى، قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستى قاتارلىق 5 ئاپتونوم ئوبلاستقا ئايرىۋېتىلگەن. شەرقى تۈركىستاندا 1 5 شەھەر، 0 8 ناھىيە، 6 ئاپتونوم ناھىيە بار . ئۇندىن باشقا پەقەت خىتايلاردىن تەركىپ تاپقان ۋىلايەت دەرىجىلىك 1 1 دىۋىزىيە مەمۇرى ئورگانلىرى، 1 6 9 ناھىيە دەرىجىلىك پولك - مەيدانلىرى بولۇپ، مەمۇرى جەھەتتە بۇلار ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ .

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ 11 دىۋىزىيىسى شەرقى تۈركىستاننىڭ پۈتۈن چوڭ شەھەرلىرىنى ئىگەللەپلا قالماستىن، 169 پولك - مەيدانلىرى شەرقى تۈركىستاننىڭ چېگرىلىرىنى بويلاپ ستراتىگىيىلىك، سۇيى مول، يېرى مۇنبەت، تەبئى بايلىقى كۆپ بولغان بارلىق زېمىنلىرىنى ئىگەللەپ ئالغان.

شەرقى تۈركىستاندا ئۇيغۇرلاردىن باشقا مىللەتلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن 5 ئوبلاستىنىڭ مەركىزى شەھەرلىرىدىكى نوپۇس سىلىشتۇرمىسىدا ئالاھىدە پەرق بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۆلۈپ ، پارچىلاپ ، بىۋاستە باشقۇرۇش سىياستى يۈرگۈزۈلگەن. 5 ئوبلاستتىكى تۇڭگان، قازاق، موڭغول، قىرغىزلارنىڭ ئومۇمى نوپۇس سانى 379735 نەپەر ، بۇ ئوبلاستلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ توپلام نوپۇس سانى 1.1 8 4 0 4 6 نەپەر بولۇپ ئومومى نوپوسنىڭ % 74 نى ئىگەللەيدۇ . لىكىن شەرقى تۈركىستانىنىڭ زېمىنىنىڭ 75% قىسمى ئۇلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن ھەمدە بۇ يەرلەرگە 3 مىليون 220 مىڭ خىتايىنى ئىچكى ئۆلكىلەردىن كۆچۈرۈپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرغان.

ئوبلاستلاردىكى نوپوس سىلىشتۇرمىسى مۇنداق :

سانجى تۇڭگان ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئۇيغۇرلار 53446 نەپەر ،
تۇڭگانلار 152596 نەپەر .
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئۇيغۇرلار 511891 نەپەر ،
قازاقلار 43333 نەپەر .
بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئۇيغۇرلار 47418 نەپەر ،
موڭغۇللار 24901 نەپەر .
باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئۇيغۇرلار 317262 نەپەر ،
موڭغۇللار 43126 نەپەر .
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئۇيغۇرلار 254029 نەپەر ،
قىرغىزلار 115779 نەپەر .

ئوبلاستلارنىڭ مەمۇرى، ئىقتىسادى ھوقوقلىرى ئۇيغۇرلارغا ئەمەس، ئوبلاست نامىدىكى ئاز ساندىكى مىللەتلەرگە بېرىلگەندەك قىلغىنى بىلەن ، ئەمەلىيەتتە خىتايلارنىڭ قولىدا بولۇپ ، پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدىن ئايرىۋېتىلگەن ، نەتىجىدە پارچىلاپ باشقۇرۇش سىياستى راۋانلاشقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاساسلىق شەھەرلىرى

ئۈرۈمچى ــ شەرقى تۈركىستاننىڭ ھازىرقى مەركىزى. ئورنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ئېتىكىگە جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن 900 مېتىر ئېگىزلىكتە. شەھەررايونىنىڭ ئاھالىسى 2 مىليون 733 مىڭ (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى بۇنىڭ سىرتىدا ) ئاھالىنىڭ 30% نى ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمانلار تەشكىل قىلىدۇ. خىتايلارنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى سىياسى ، ھەربى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت مەمۇرى مەركەزلىرى ئۈرۈمچىگە جايلاشقان. ھاۋا يولى، پويىز يولى ۋە قارا يولى خەلقاراغا تۇتىشىدۇ.

قەشقەر ــ ئۇيغۇرلارنىڭ 2 مىڭ يىللىق قەدىمى مەركىزى شەھىرى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى قىزىل دەرياسىنىڭ بويىدا. مەھمۇت قەشقىرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە سوتۇق بۇغراخانلارنىڭ قەۋرىسى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا. ئاھالىسى 3 مىليون ، % 95 ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. خىتايلار قەستەن زامانىۋى ئەسلىھە ۋە ئېغىر سانائەتتىن يىراقلاشتۇرغان . سۇ ، ئېلىكتىر ، يېقىلغۇ ھەل قىلىنماي نامرات تاشلىۋېتىلگەن.

ئىلى - غۇلجا ــ ئىلى دەرياسى بويىدىكى گۈزەل شەھەر . چارۋىچىلىق، دېخانچىلىق ۋە ئورمانچىلىق بىلەن شوغۇللىنىدىغان 7 ناھىيەدىن تەركىپ تاپقان ئوبلاستىنىڭ مەركىزى. ئاھالىسى 1 مىليون 866 مىڭ نەپەر بولۇپ، يەرلىك ۋە ئاساسى ئاھالىسى ئۇيغۇرلار شەھەردە 50% نى ، ئومۇمى 28% نى تەشكىل قىلىدۇ. قالغانلىرى خىتاي كۆچمەنلىرى ، قازاق، تۇڭگانلاردىن تەشكىل تاپقان. غەرپتىكى چېگرا ئېغىزى.

قارىماي ــ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدە. نېفت سانائەت شەھىرى. كۆلىمى ئۈرخۇندىن مايتاقىچە بولۇپ ، ئاھالىسى 215 مىڭ نەپەر ( قۇرۇلۇش ئارمىيىسى بۇنىڭ سىرتىدا ) ئاساسەن خىتاي كۆچمەن ئىشچىلىرى يەرلىشىۋالغان. ئەسلىدىكى

يەرلىك ئۇيغۇرلار % 30 نى تەشكىل قىلىدۇ. قارىمايدىن مايتاغ ۋە ئۇرۇمچىگە قەدەر نېفت ئېقتىش تۇربىسى ئورنۇتۇلغان.

شىخەنزە ــ ماناس دەرياسى بويىدىكى سانائەت ، دېخانچىلىق شەھىرى. ئەڭ ئىلغار زامانىۋى ماشىنىلاشقان تېخنىكىغا ئىگە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ باش شتاپلىرى ۋە مەيدانلىرىدىن تەشكىللەنگەن بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى 1 مىليونغا يېقىن بولۇپ ئاساسەن خىتاي كۆچمەنلىرى . يەرلىك ئۇيغۇرلار % 11 نى تەشكىل قىلىدۇ. ئەسىر چۇشكەن گومىنداڭ ئوفىتسىر- ئەسكەرلىرى بۇ شەھەرگە يەرلەشكەن.

خوتەن ــ قەدىمى ئۇيغۇر شەھىرى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنوبىدا. ئاھالىسى 1 مىليون 439 مىڭ نەپەر بولۇپ، ئۇيغۇرلار % 97 نى تەشكىل قىلىدۇ. قەدىمدىن دېخانچىلىق، باغۋەنچىلىك، يىپەكچىلىك ۋە گىلەمچىلىك بىلەن داڭلىق بۇ شەھەر خىتاي هۆكۈمىتى تەرىپىدىن نامرات تاشلىۋېتىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 2 ـ باب شەرقى تۈركىستاننىڭ نوپوسى ۋە مىللى تەركىۋى

## نوپوس سانى

ئالدى بىلەن تەكىتلەش لازىمكى، خەلقارانىڭ ۋە يەرلىك ئاھالىلارنىڭ ، خىتايلارنىڭ كۆچمەن كۆچۈرۈش سىياسىتىگە قارشى نارازىلىقى تۈپەيلىدىن ، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاننىڭ نوپوسىنى ھازىرغىچە تىپشىماق ھالىتىدە تۇتۇپ كەلمەكتە. خىتايلار رەسمى مەلۇماتلىرىدا 1949 ـ يىلى 4 مىليون 330 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان شەرقى تۈركىستاننىڭ ئومۇمى نوپوسىنىڭ 45 يىلدىن كېيىنكى كۆپىيىشىنى يىلىغا ئورتا ھىساپ بىلەن % 15 دەپ ئېلان قىلىپ، ھازىرقى ئومۇمى نوپوسنى 15 مىليون 806 مىڭ دەپ خاتىرىلىمەكتە. ئەمما، ماۋزېدوڭ « تاللانما ئەسەرلىرى » 5 ـ تومىدىكى « تىبەتتىكى ئارمىيىگە بېرىلگەن يوليورۇق » دىگەن ماقالىدا 50 ـ يىللاردا شەرقى تۈركىستاندا « 9 مىليون يەرلىك خەلق ياشايدىغانلىقى، خىتاي ، مانجۇ ، شىۋە ، موڭغۇل قاتارلىق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ 600 مىڭغا يەتمەيدىغانلىقى » ئېنىق ئورتىغا قويۇلغان.

سىياسى تەھلىلچىلەر ۋە يوشۇرۇن ستاتىستىكىشۇناسلارنىڭ ئاشكارىلىشىچە، شەرقى تۈركىستاندا ھازىر ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك تۈرك ئاھالە نوپوسىنىڭ تەبىئى كۆپىيىش نىسپىتى بويىچە ھىساپلىغاندا 26 مىليونغا يېتىپ بارغانلىقى ، كۆچمەن خىتاي نوپوسىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا.

شەرقى تۈركىستاندا كېيىنكى دەۋرلەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئومۇمىيۈزلۈك نوپوس تەكشۈرۈشلەرنىڭ ناھىيەدىن تۆۋەن كىچىك بىرلىكنى ئاساس قىلغان ھالدا

مۇتلەق مەخپى ئىلىپ بېرىلىشى، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە باشقۇرىدىغانلىقى، ھەتتا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسىنىڭمۇ خەۋەرسىز قالىدىغانلىقى ، ئاخىرىدا ئومۇمى سان ۋە مىللى نىسپەتلەرنىڭ بېيجىڭدا بىۋاستە بەلگىلىنىپ ئىلان قىلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت نوپوس تەكشۈرۈش تەرتىۋى ۋە سىياسىتىدىن نوپوس سانىنىڭ سىياسى مەقسەتلەر چەكلىمىسىدە ئىلان قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق كۆرۈۋ ئالالايمىز .

## مەتبۇئاتتىكى نوپوس سانى

1982 ـ يىلىدىكى ئاخىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك نوپوس تەكشۈرۈش ئاخباراتى ئىلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى مەتبۇئات ساھەسىدىكىلەر خەۋەر تالىشىپ بۇ ئاخباراتلارنى ئالدىن ئىلان قىلىشقا باشلىدى. ئۈرۈمچى كەچلىك گىزىتى ئۇيغۇرچە نەشرى بىر تەرجىمە ماقالىسىدا شەرقى تۈركىستاندا ئادەتتە 5 مىليون دەپ ئىلان قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپوسىنى 10 مىليونغا يېقىن دەپ ئىلان قىلدى ۋە پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات مىنىستىرلىگى تەرىپىدىن قاتتىق جاۋاپكارلىققا تارتىلدى. مەسئۇلىيەت بۇ « خاتا مەلۇمات » نى خىتايچە ئىلان قىلغان گۇيجۇ كەچلىك گىزىتىگە ئىتتىرىپ قويۇلدى. بىرىلدىن كىيىن مەملىكەتلىك كەچلىك گىزىتلەر باشلىقلىرى يىغىنىدا ئۇچراشقان ئىككى گىزىت مەسئۇللىرى بىشىغا كەلگەن كىلىشمەسلىكلەر ھەققىدە سۆھبەتلەشكىنىدە، گۇيجۇ كەچلىك گىزىتىنىڭ مەسئۇلى جاۋاپكارلىقنى رەت قىلغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپوس سانى ھەققىدىكى بۇ مەلۇماتنى بېيجىڭدىكى ستاتىستىكا باش ئىدارىسىدىن يوشۇرۇنچە ئالغانلىقىنى ئىتراپ قىلىپ سۆزلەپ بەرگەن.

بىر مىللەت نوپوسىنىڭ 5 مىليون ئازايتىلىپ ئىلان قىلىنىشىدەك پاجىئە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يۈرگۈزىۋاتقان نوپوس سىياسىتىدە ھەر دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان نورمال جىنايەتتۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يەرلىك تەزكىرىدىكى نوپۇس سانى

1991 ـ يىلى شەرقى ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى پىروفېسورى، خىتاي دۆلەتلىك سىياسى كېڭەش ھەيئەت ئەزاسى، ستاتىستىكىشۇناس، يازغۇچى تۇرسۇن قۇربان خىتايچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بىر كىتاپنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان. بۇ كىتاپ شەرقى تۈركىستان پۈتۈن يىزا ـ كەنت تەزكىرىسىنىڭ توپلامى بولۇپ، بىيجىڭنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە مەخسۇس خادىملار ئاجرىتىلىپ، ھەر بىر يېزىنى بىرلىك قىلىپ ئايرىم ۋە مەخپى تەزكىرە يېزىلىپ، كېيىن توپلام قىلىنغان خىتايچە كىتاپنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئىدى.

پىروفېسور تۇرسۇن قۇربان تەھرىرلىك داۋامىدا ھەربىر يېزىدىكى نوپۇس سانىغا قاراپ تەسادىپى ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى ئايرىم قوشۇپ ھېساپلاپ بېقىش قارارىغا كەلگەن. ئۇزۇن ۋاقت تەپسىلى ھېساپلاش جەريانىدا شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار (پەقەت يېزىلاردىكى) نىڭ 13 مىليوندىن ئارتۇق ئىكەنلىگى مەلۇم بولغان. بۇنى دەرھال ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە مەلۇم قىلغان ھەمدە قىسمەن زىيالىلار ئارىسىدا ئاشكارا سۆزلىگەن. شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن باسما زاۋۇتتا بىسىلىۋاتقان خىتايچە كىتاپ پىچەتلەنگەن، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى يىغىۋېلىنغان. بۇ كىتاپ بىر يېرىم يىلدىن كېيىن نوپۇس سانى «ئەقىلگە مۇۋاپىق» ھالدا بىيجىڭدا ئىلان قىلىنغان سانغا ئۇيغۇن تەكشەلگەندىن كېيىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان.

خىتاي ئاساسقانۇنىدا قانۇنى جاۋاپكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان پەۋقۇلئاددە ھوقوقا ئىگە بولغان دۆلەت سىياسى كېڭەش ھەيئەت ئەزاسى بولغان تۇرسۇن قۇربان تۇيۇقسىزلا، ئۇنىۋېرسىتېت مەمۇرىيىتى تەرىپىدىن ئەمەس، پارتىيە كومىتېتى تەرىپىدىن بارلىق خىزمەت ھوقوقلىرىدىن، ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىدىن، ھەتتا پىروفېسورلۇق ئۇنۋانىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇنىۋېرسىتېت كۈتۈپخانىسىدا تازىلىق ئىشچىلىقىغا بەلگىلەنگەن. مانا بۇ پاكىتمۇ شەرقى تۈركىستاندىكى «قانۇنى ھوقوقلۇق» مىللەتنىڭ نوپۇسىنىڭ سىياسى مەقسەتلەر ئېھتىياجىغا قاراپ بەلگىلىنىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

# مىللەتلەرنىڭ تەركىۋى

شەرقى تۈركىستاندا يەرلىك ئاھالە ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە ھەر قايسى تارىخى دەۋىرلەردە ھەرقايسى تەرەپلەردىن كۆچۈپ كەلگەن قازاق، ئۆزبەك، قىرغىز، تاتار، سالار قاتارلىق تۈرك قىرىنداشلىرى ، مۇسۇلمان خىتايلار دەپ ئاتالغان تۇڭگانلار ۋە خىتاي، مانجۇ ، شىۋە، موڭغۇل قاتارلىق ئونغا يېقىن مىللەت بار . نوپوس ۋە مىللەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مۆلچەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ھەقىقى نوپوسى 20 مىليوندىن ئارتۇق ئىكەنلىكى، قازاقىستان ، ئۆزبەكىستان، قىرغىزىستانلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقى نوپوسى 2 مىليوندىن ئارتۇق ئىكەنلىكى، سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيە، ئامېرىكا، ئاۋىستىرالىيە، گېرمانىيە، شۋىتسارىيە، ئەنگلىيە، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان، روسىيە، بولغارىستان، موڭغولىيە، ياپونىيە، مىسىر، كانادا، ھوللاندىيە، سۇرىيە، مالايشىيا، خىتاي ، شاڭگاڭ، تەيۋەن قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ 1 مىليونغا يېقىن ئىكەنلىكى ، ئومۇمەن دۇنيادا سىرتىق ئۇيغۇرلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا 23 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار ياشايدىغانلىقى پەرەز قىلىنماقتا.

ئۇيغۇرلار— ئەجداتلىرى بولغان تۇرانلار، ھۇنلاردەۋرىدىن تارتىپ شەرقى تۈركىستاندا تۈرلىپ ياشاپ كەلگەن تۈرك قەۋمىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ نوپوسى كېيىنكى يىللاردا خىتايلار تەرىپىدىن تۆۋەندىكىدەك ئىلان قىلىنىپ كەلمەكتە:

1900 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار 3 . 2 9 1 1 4 5 نەپەر،

ئومومى نوپوسنىڭ % 9 7 نى ئىگەللەيدۇ.

1949 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار 8 . 5 0 0 0 0 0 نەپەر،

ئومومى نوپوسنىڭ % 9 3 نى ئىگەللەيدۇ.

1979 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار 5 . 6 4 1 5 9 3 نەپەر،

ئومومى نوپوسنىڭ % 4 5 نى ئىگەللەيدۇ.

1982 ـ يىلىدا ئۇيغۇرلار 5.986869 نەپەر،

ئومومى نوپۇسنىڭ %45.5 نى ئىگەللەيدۇ.

1992 ـ يىلىدا ئۇيغۇرلار 7.302178 نەپەر،

ئومومى نوپۇسنىڭ %47 نى ئىگەللەيدۇ.

1996 ـ يىلىدا ئۇيغۇرلار 8.746379 نەپەر،

ئومومى نوپۇسنىڭ %45 نى ئىگەللەيدۇ.

خىتايلار — ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئىككى دەريا ئارىلىقىدا ياشىغان تارىخى كېڭەيمىچى مىللەت. يېقىنقى زامان تارىخىدا شەرقى تۈركىستانغا ئۈچ قېتىم بېسىپ كىرىپ يەرلىشۋالغان. 1949 ـ يىلى كوممۇنىست خىتايلار بېسىپ كىرگەندە، شەرقى تۈركىستاندىكى خىتايلارنىڭ نوپۇسى 290 مىڭ بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە 5 مىليون 902 مىڭ دەپ ئىلان قىلىنماقتا. ئەمەلىيەتتە، ھېساپسىز ئەسكەرلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى، قاچقۇن جىنايەتچىلىرى ۋە كۆچمەن ئاققۇنلىرى سەل كەبى ئۇزۇلمەي چىقىۋاتقان خىتايلارنىڭ نوپۇسى 30 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ سان يېقىنقى يىللاردا كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە ئۆرلىمەكتە.

قازاقلار — ئەجداتلىرى ھۇنلار، ئۇيسۇنلاردىن تارتىپ تۈركىستاندا ياشاپ كەلگەن تۈرك قەۋمى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چۇ دەرياسى ۋادىسىدىن تالاس دەرياسى بويلىرىغا كۆچۈپ كىلىپ قازاق خانلىقىنى قۇرغان. 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى بىر قىسىم قازاق قەبىلىلىرى شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي رايونلىرىغا كۆچۈپ كىلىپ ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە ياشىغان. شەرقى تۈركىستاندىكى قازاقلارنىڭ نوپۇسى خىتايلار تەرىپىدىن تۆۋەندىكىدەك ئىلان قىلىنماقتا:

1949 ـ يىلى قازاقلار 443 مىڭ 655 نەپەر

1979 ـ يىلى قازاقلار 847 مىڭ 997 نەپەر

1982 ـ يىلى قازاقلار 913 مىڭ 900 نەپەر

1992 ـ يىلى قازاقلار 1 مىليون 451 مىڭ 864 نەپەر.

تۇڭگانلار — ئۆزلىرىنى ئەرەپ نەسلىدىن دەپ تونۇيدىغان ، خىتايچە تىل - يېزىق قوللىنىدىغان ، سېرىق دەريا ۋادىسىنى بويلاپ پۈتۈن خىتايغا تارقالغان مۇسۇلمان مىللەت. تۇڭگانلار شەرقى تۈركىستانغا موشۇ ئەسىر ئىچىدە كۆچۈپ چىققان. شەرقى تۈركىستاندىكى نوپۇسى تۆۋەندىكىدەك:

1949 - يىلى تۇڭگانلار 2 2 1 مىڭ 1 0 5 نەپەر
1979 - يىلى تۇڭگانلار 7 4 5 مىڭ 8 1 6 نەپەر
1982 - يىلى تۇڭگانلار 5 7 5 مىڭ 0 0 5 نەپەر
1992 - يىلى تۇڭگانلار 5 0 7 مىڭ 0 0 2 نەپەر .

قىرغىزلار — قەدىمدە يېنسەي دەرياسىنىڭ بېشىدا ياشىغان، كېيىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنوبىدا ياشىغان تۈرك قەۋمى. هازىر شەرقى تۈركىستاننىڭ قىزىلسۇ رايونىدا ياشايدىغان قىرغىزلارنىڭ خىتايلار ئىلان قىلغان نوپۇس سانى تۆۋەندىكىدەك:

1949 - يىلى قىرغىزلار 6 6 مىڭ 5 4 1 نەپەر
1979 - يىلى قىرغىزلار 5 0 1 مىڭ 3 2 6 نەپەر
1982 - يىلى قىرغىزلار 4 1 1 مىڭ 0 0 2 نەپەر
1992 - يىلى قىرغىزلار 7 4 1 مىڭ 9 9 3 نەپەر .

موڭغۇللار — 1770 - يىلى بىرقىسىم موڭغۇللار ۋولگا دەرياسى بويىدىن، 1764 - ۋە 1813 - يىللىرى بىر قىسىم موڭغۇللار سىبىرىيەنىڭ جەنوبىدىن شەرقى تۈركىستانغا كۆچۈپ كىلىپ ماكانلاشقان. شەرقى تۈركىستاندىكى موڭغۇللارنىڭ نوپۇسى تۆۋەندىكىدەك:

1949 - يىلى موڭغۇللار 2 5 مىڭ 3 5 4 نەپەر
1979 - يىلى موڭغۇللار 111 مىڭ 8 4 1 نەپەر
1982 - يىلى موڭغۇللار 7 11 مىڭ 200 نەپەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1992 ـ يىلى موڭغۇللار 4 4 1 مىڭ 9 0 2 نەپەر.

تاجىكلار ـــ پارس مىللىتىگە مەنسۇپ مۇسۇلمان قەۋم. شەرقى تۈركىستاننىڭ تاشقورغان رايونىدا يەرلەشكەن بولۇپ، شەرقى تۈركىستاندىكى تاجىكلارنىڭ نوپۇسى تۆۋەندىكىدەك:

1949 ـ يىلى تاجىكلار 3 1 مىڭ 6 8 نەپەر

1979 ـ يىلى تاجىكلار 3 2 مىڭ 2 3 5 نەپەر

1982 ـ يىلى تاجىكلار 7 2 مىڭ 0 0 1 نەپەر

1992 ـ يىلى تاجىكلار 5 3 مىڭ 1 7 1 نەپەر.

شىۋەلەر ـــ 1763 ـ يىلى مانجۇرىيەدىن شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىلى ، چۆچەك چېگرا بويلىرىغا يۆتكەپ كېلىنگەن ئەسكەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئلىرى بولۇپ، نوپۇسى تۆۋەندىكىدەك:

1949 ـ يىلى شىۋەلەر 1 1 مىڭ 8 6 6 نەپەر

1979 ـ يىلى شىۋەلەر 5 2 مىڭ 4 9 9 نەپەر

1982 ـ يىلى شىۋەلەر 7 2 مىڭ 0 0 8 نەپەر

1992 ـ يىلى شىۋەلەر 5 3 مىڭ 7 4 نەپەر .

ئۆزبەكلەر ـــ 18 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ سىياسىي، تىجارەت، دىنىي ئېھتىياجلاردىن شەرقى تۈركىستانغا كۆچۈپ كەلگەن تۈرك قەۋمى. شەرقى تۈركىستاندىكى ئۆزبەكلەرنىڭ نوپۇسى تۆۋەندىكىدەك :

1949 ـ يىلى ئۆزبەكلەر 2 1 مىڭ 0 0 2 نەپەر

1979 ـ يىلى ئۆزبەكلەر 7 مىڭ 0 0 4 نەپەر

1982 ـ يىلى ئۆزبەكلەر 9 مىڭ 0 0 9 نەپەر

1992 ـ يىلى ئۆزبەكلەر 1 1 مىڭ 9 4 8 نەپەر.

1992 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە قالغان مىللەتلەر:

مانجۇلار 17986 نەپەر

روسلار 8255 نەپەر

داغۇرلار 5609 نەپەر

تاتارلار 4071 نەپەر

باشقامىللەتلەر 67 مىڭ 619 نەپەر دەپ بېكىتىلگەن.

يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن شۇنەرسە مەلۇم بولىدىكى، 40 نەچچە يىلدىن بويان خىتاي ۋە تۇڭگانلارنىڭ نوپۇسى ( ئۆزلىرى ئېلان قىلغان سان بويىچە ھېساپلىغاندا ) ئايرىم ھالدا 20 ھەسسە ۋە 6 ھەسسە كۆپەيگەن بولۇپ ، بۇ تەبىئىكى كۆچمەن كەلكۈنىنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. قازاق، قىرغىز، تاجىك ، موڭغۇل، شىۋە قاتارلىقلار بولسا 40 نەچچە يىلدا 3 ھەسسىدىن كۆپەيگەن. ئەپسۇسكى ئۇيغۇرلار بولسا ، ھەربىر ئائىلە باشقىلاردەك 2 ـ3 تىن ئەمەس 10 ـ 12 دىن بالا تۇققانلىقىغا قارىماي 47 يىل ئىلگىرى خىتاينىڭ داھىسى بولغان ماۋزېدۇڭنىڭ رەسمى دوكلاتىدا ئېلان قىلغان سانغا ئاران يېتىشەلىگەن . يۇقىرىدىكى نىسپەت بويىچە ھېساپلىغاندىمۇ ئۇيغۇرلار 24 مىليوندىن ئارتۇق بولىشى كىرەك .

تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا، قولىمىزدىكى 1931 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قەشقەر ۋالىسى يونۇس بىن ھاجى سېيىت بىلەن مۇئاۋىن ۋالى سۇ جىڭ شىۋەلەرنىڭ ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان « پۈتۈن تۈركىستان شەرقىيدىكى مىللەتداش ئىسلام خەيىرخاھلىرىگە باياننامە» نىڭ تىكىست 30 ـ ۋە 31 ـ قۇرلىرىدىكى بۇ بىر جۈملىنى سۇنىمىز: « بىلسۇنلەركى، تۈركىستان شەرقىينىڭ يىگىرمە مىليون مەزلۇم دەرتمەن ئاھالىسى بارابەر ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ قوزغۇلۇپ بۇ زالىم مەككار بەدنىيەتلەرنى خاك تۇپراق قىلىپ ھىلە مىكىرلىرىدىن قۇتۇلۇشقا ھازىر » .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 3 ـ باپ شەرقى تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى

## شەرقى تۈركىستان ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنىدۇر

دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمى ئالتۇن بۆشۈگى بولغان تۈركىستان ( ئوتتۇرا ئاسيا ) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن قەدىمى ئانا يۇرتى ـ ۋەتىنىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى ھەمدە قېرىنداشلىرى بولغان تۇرالار، ھۇنلار، ساكلار، تۈركلەر ئۇزاق تارىختىن بېرى سەددىچىندىن تارتىپ ئادرىئاتىك دېڭىزغىچە بولغان بىپايان زېمىندە ئۇلۇغ ھۇن ئىمپىرىيىسى ( مىلادىدىن ئىلگىرى 204 ـ يىلدىن مىلادى 216 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) ، ئاۋرۇپا ھۇن ئىمپىرىيىسى ( مىلادى 375 ـ يىلدىن 468 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) ، ئاقھۇن ( ئېفتالىت ) ئىمپىرىيىسى ( مىلادى 420 ـ يىلدىن 565 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) ، ئۇلۇغ كۆكتۈرك قاغانلىقى ( مىلادى 551 ـ يىلدىن 745 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) ، ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى ( مىلادى 646 ـ يىلدىن 845 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى ( مىلادى 850ـ يىلدىن 1335 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) ، ئۇيغۇر قارا خانىلار دۆلىتى ( مىلادى 850 ـ يىلدىن 1212 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) ، غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى ( مىلادى 960 ـ يىلدىن 1187 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) ، ئۇلۇغ سالجۇقىلار سۇلتانلىقى ( مىلادى 1040 ـ يىلدىن 1157 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) ، خارەزىم شاھلار دۆلىتى ( مىلادى 1172 ـ يىلدىن 1231 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) ، ئالاھىدىن ئەرتۆگا سۇلتانلىقى ( 1341 ـ يىلدىن 1381 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) ، سەئىدىيە قاغانلىقى ( مىلادى 1504 ـ يىلدىن 1678 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) قاتارلىق ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك، باي ۋە مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ ۋە قۇرۇشقا قاتنىشىپ ئىنسانىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇنتۇلماس سەھىپىلەرنى

يېزىپ قالدۇرغان.

شەرقى تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى رايونى بوغدا كۆلى باغرىدىن تېپىلغان ، ھازىر بىيجىڭ مۇزىيىدا ساقلىنىۋاتقان بۈيۈك سۆرەلمە ھايۋان ئىسكىلىتىنىڭ تېپىلىشى پۈتۈن ئاسىيادا تۇنجى قېتىم بولۇپ، تەڭرىتاغ بويلىرىنىڭ ئىنسانلار دەسلەپ پەيدا بولغان رايونلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئارخولوگ ئالىملارنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسلانغاندا، شەرقى تۈركىستاننىڭ قەشقەر رايونىدىن تېپىلغان قەدىمى ئاتۇش ئادىمىنىڭ باش سۆڭىكى ـ بۇ زېمىنلاردا 1 0 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئىنسانلار ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياشىغانلىقىنى، 8 مىڭ يىللار ئىلگىرى تۈركىستان ( ئوتتۇرا ئاسىيا ) دا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق تەبىئى ئۆزگىرىشتە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر بۆلىگى موڭغۇلىيە، بايقال كۆلى ئەتراپىغا كۆچكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شەرقى تۈركىستاننىڭ كۆنچى دەرياسى بويىدىن تېپىلغان ئىپتىدائى قەبرىستانلىقتىن چىققان ئايال ۋە كىچىك بالا جەسىدى ، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتىتى جۇغراپىيە پاكولتىتى كاربون 14 تەجرىبىخانىسى تەرىپىدىن 6412 يىل بۇرۇن دەپن قىلىنغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. بۇ جەسەتنىڭ گۆردە ئوڭدا ياتقۇزۇلغانلىقى، ئاختاي ئۈستىگە قوي تېرىسى بىلەن چىغ توقۇلما يېپىلغانلىقى، جەسەتنىڭ يۇڭ توقۇلمىغا ئورالغانلىقى، بېشىغا كىگىز قالپاق كيگۈزۈلگەنلىكى، سېرىق ، ئۇزۇن چاچلىرىنىڭ دولىسىغا چۈشۈپ تۇرغانلىقى، كۆزلىرى يوغان، كىرپىكلىرى ئۇزۇن، قاڭشارلىق ئىكەنلىكى، چىغ سىۋەت ئىچىدىن بۇغداي دانلىرى چىققانلىقى قاتارلىقلار بۇ زېمىندا سېرىق تەنلىك خىتايلار ئەمەس، ئاق تەنلىك ئەجدادلىرىمىز ( ئاريانلار كىلىشتىن 4000 يىل بۇرۇن ) ياشىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ، يۇڭ توقۇمىچىلىق، ھۈنەر ـ سەنئەت مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

بۈيۈك قاغانىمىز ئوغۇزخان مىلادىدىن ئىلگىرى 176 ـ يىلى خىتاي پادىشاسى خەن ۋېندىغا يازغان مەكتۇبىدا : لولان، ئۇيسۇنلار، ئوغۇزلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 دۆلەتنى ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغانلىقىنى، ھەممىسىنىڭ ھۇنلار تەركىۋىگە كىرگەنلىكىنى، ئوقيا كۆتەرگەن خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بىرئائىلە بولۇپ

www.uyghurkitap.com

بىرلەشكەنلىگىنى، شىمالدىكى ئۆلكىلەرنىمۇ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكۈزگەنلىگىنى يازغان ئىدى.

« ئاۋىستا » دا تۈركلەرنىڭ تۇرا ئاتلىق بۇۋىسى ئۆتكەنلىگىنى، شۇڭا تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرىنى شۇ بۇۋىسىنىڭ نامى بىلەن تۇرالار دەپ ئاتايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. « شاھنامە » دە بۇۋىمىز ئالپ ئەرتۇڭا ( ئافراسىياپ ) پادىشاھلىق قىلغان دۆلەتنى تۇران دەپ ئاتىغان. سىماچەن قاتارلىق مىلادىدىن ئەۋەلقى خىتاي تارىخچىلىرى ئەجداتلىرىمىزنى غەربى تۇرالار، شەرقى تۇرالار دەپ خاتىرىلىگەن. « غەربى يۇرت تارىخى ھەققىدە ماقالىلار » ناملىق كىتاپتا خىتاي تارىخچىلىرىنىڭ يازغانلىرى يەكۈنلىنىپ، ئەجداتلىرىمىز تۇرالارنىڭ مىلادىدىن مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىلا بايقال كۆلىدىن بالقاش كۆلىنىڭ شىمالىغىچە، ئورال تاغلىرىدىن ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان زېمىنلاردا ۋە ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرىتاغلىرى ئارىسىدىكى جۇڭغارىيە دالاسىدا ياشىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مىلادى 487 ـ يىلى شەرقى تۇرالار تەڭرىتاغنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ «ئىگىز ھارۋىلىقلار خانلىقى» ( 487 ـ 546 ) نى قۇردى. بۇ ھەقتە « ۋى سولالىسى يىلنامىسى » دا تەپسىلى توختالغان. 487 ـ يىلى ئۇدۇن ( خوتەن ) غا كەلگەن خىتاي ئەلچىسى جاڭ جىنشۇن تۇرالار تەرىپىدىن قايتۇرىۋېتىلگەن. سۇي سۇلالىسى يىلنامىسىدا « تۇرالارنىڭ ئاتا ـ بۇۋىلىرى ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتلىرى ناھايىتى نۇرغۇن » دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ 6 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. يونان جۇغراپىيە ئالىمى پىتولمى مىلادى 2 ـ ئەسىردە يازغان جۇغراپىيە ناملىق كىتاۋىدا تارىم دەرياسى ۋادىسىدا پىلە بېقى...، يىپەك چىقىرىپ، ئەتلەس توقۇيدىغانلارنى « ئۇيغۇردىس » دەپ ئاتىغان. ئەرەپ ئەلچىسى مۇتاۋۋىنىڭ ساياھەتنامىسىدا 758 ـ يىلى قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچار، قاراشەھەر، تۇرپانغىچە بولغان زېمىنلاردا كاپىر تۈركلەر (بۇددىس ئۇيغۇرلار ) ياشايدىغانلىقىنى خاتىرىلىگەن.

يۇقىرىدىكىلەرنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە تەكىتلەيمىزكى ، شەرقى تۈركىستان زېمىنلىرىغا يامان غەرەز بىلەن كۆز تىككەن خىتاي ساختا تارىخچىلىرى يېقىنقى

يىللاردا « ئۇيغۇرلار 840 ـ يىلى موڭغۇلىيەدىن كۆچۈپ كەلگەن » دىگەن ئويدۇرمىنى مەقسەتلىك هالدا كۆتۈرۈپ چىقىپ ، خىتاي كۆچمەنلىرىگە تارىخى زېمىن هازىرلىماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بويان تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنوپ ۋە شىمالىدا ياشاپ كەلگەنلىگىنى، ئەسكەرتىش بىلەن بىرلىكتە ، خىتايلارنىڭ سىياسى غەرەزلىرىنى ئېچىپ تاشلاش تارىخ ،ماھەسىدىكى مۇھىم ئىشلىرىمىزنىڭ بىرسىدۇر.

## ئۇيغۇر ـ ئۇرخۇن قاغانلىقى

ئەجداتلىرىمىز تۇرالار، هۇنلار ۋە تۈركلەر ئۆزلىرى قۇرغان هاكىمىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەش داۋامىدا، تاشقى دۈشمەنلىرىنىڭ تاجاۋۇزى ۋە ئاغدۇرمىچىلىقى ، ئىچكى نىزالار ھەمدە تەبىئى ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن ، هاكىمىيەت باشقۇرۇشتا نامىنى تىگىشتۈرۈپ تۇردى. 646 ـ يىلى ئۇيغۇر قاغانى تومىد ئۇلۇغ ئىلتەبىر ئۇيغۇر ـ ئۇرخۇن قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. خىتايلار ئۆزلىرىگە تەسلىم بولغان ئاسناتور ۋە جېبىنى ئالىپ لارنىڭ قوشونىدىن پايدىلىنىپ ئۇزۇن يىللار ئاغدۇرمىچىلىق قىلغان ۋە ئىچكى ئۇرۇشلارغا سەۋەپ بولغان بولسىمۇ، 744 ـ يىلى قۇتلۇق بىلگە قاغان دەۋرىدە 221 مىڭ كىشىلىك قۇدرەتلىك مۇنتىزىم ئاتلىق قوشونى بولغان ، شەرقتە هىنگان تاغلىرىدىن غەرپتە پەرغانە ۋادىسى ، يەتتەسۇغىچە، شىمالدا بايقال كۆلى، يەنسەي دەرياسى يوقىرى ئېقىنىدىن جەنوپتا سەددىچىن سىپىلىغىچە بولغان زېمىنلارنى ئۆزئىچىگە ئالغان، قارابالغاسۇننى پايتەخت قىلغان، ئۇيغۇر ـ ئۇرخۇن دۆلىتى قۇدرەت تاپتى. 757 ـ يىلى خىتاي تاڭ سولالىسى بىلەن چاڭئەن، لوياڭ شەهەرلىرىنى ئىسيانچىلاردىن قايتۇرۇپ ئىلىپ بېرىش هىساۋىغا يۈتۈن ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن ، قىز ـ چوكانلارغا ئىگە بولۇش ، تاڭ پادىشاهىنىڭ قىزىنى خوتونلۇققا ئېلىش شەرتى بىلەن توختام تۈزدى ۋە ئىجرا قىلدۇردى. 762 ـ يىلى تاڭ شاهزادىسى لى شى ئۇيغۇرقاغان بوگوخاننىڭ سارىيىغا كەلگەندە ئۆرپى ـ ئادەت بويىچە ئۇسۇل ئوينىمىغانلىقى ئۈچۈن تاڭ قوماندانلىرى بىلەن بىللە باغلىنىپ يۈتى ئاسمانغا قىلىپ ئىسىلىپ يۈز

www.uyghurkitap.com

كالتەكتىن ئۇرۇپ جازالانغان ۋە بىرنەچچىسى ئۆلۈپ قالغان. شۇ زامانلاردىن تارتىپ تاڭ سولالىسى 100 يىلغا قەدەر ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانىغا پادىشاسىنىڭ قىزىنى ئېۋەتىپ بېرىش ۋە يىلىغا 20 مىڭ توپ تاۋار - دۇردۇن بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەپ تۇرغان. سېتىپ بېرىلگەن بىرئات ئۈچۈن 40 توپ تاۋار تاپشۇرغان. 782 - يىلى سېتىپ بېرىلگەن 100مىڭ ئات ئۈچۈن 4 مىليون توپ تاۋار قەرزدار بولۇپ قالغان تاڭ سولالىسى 840 - يىلىغا قەدەر بۇ قەرزىنى تۆلەپ ئۈگىتەلمىگەن.

خىتاي مەلىكە - جاسۇسلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى، ئىچكى نىزالارنىڭ كەسكىنلىشىشى، ئۇزۇلمەي داۋام قىلغان تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ، ئادىز قەبىلىسىدىن قۇلۇق باغانىڭ خائىنلىقى بىلەن 840 - يىلى 100 مىڭ كىشىلىك قىرغىز قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن تار - مار قىلىنغان ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى بىپايان زېمىنىدىن، ئەسىرلەر توپلىغان ئاتۇن - بايلىقلىرىدىن ۋە ئۇلۇغ سەلتەنەتىدىن ئايرىلىپ ھەر تەرەپكە كۆچۈپ كەتتى.

200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر- ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرىدە، قاغانلىق بالىسىغا مىراس قالدىغان پادىشاھلىق ئىجتىمائى تۈزۈمى ئورنۇتۇلغان. بىرلىككە كەلگەن نۇرغۇن قېرىنداشلار ئۇيغۇر نامى بىلەن ئۇيۇشۇپ، ھەربى تۈزۈم، قانۇن، دۆلەت ئىدارە قىلىش ئورگانلىرى ۋە تاشقى سىياسەتلەر يىزرگۈزگەن . قاغانلىقنىڭ غەربىدە دېھقانچىلىق، شەرقىدە چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان. ھەربى ۋە تىجارەت ئاتلىرىنى يېتىشتۈرۈش مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. مۆلىلىك باغلار يېتىشتۈرۈلگەن. سۇغۇرۇش ئىنشائاتلىرى ، ئېرىق - ئۆستەڭلەر قىزىلغان. تاش تولۇق، ياغۇنچاقلار ئىشلىتىلگەن. تۆمۈر ، مىس تاۋلىغان. ئالتۇن قازغان. دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ھەربى قۇراللار ياسالغان. گىلەم ، يىپەكچىلىك، پاختا توقۇمىچىلىق، زەرگەرلىك، دۇكانلىرى ئېچىلغان. خىتاي، تېھران، دېھلى، قاھىرە، باغدات، دەمەشق، ئىستانبۇلغا قەدەر ئۇزۇن يىپەك يولىدا تىجارەت قىلغان.

ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرى، « قالدىم ھەسرەت ئىچىدە » ، « بەگقۇلى ھەققىدە قوشاق » ، « تورا قوشىقى»، « كۆچ - كۆچ داستانى » قاتارلىق ئەدەبى ئەسەرلىرى،

مۇزىكا ـ سەنئەت، ناخشا ـ ئۇسۇل، كىيىم ـ كېچەكلىرى، شامان ، مانى ، بۇددا دىنى تەسىرلىرى، ئايبالىق، ئۇيغۇربالىق، قارابالغاسۇن شەھەرلىرى ھەمدە ھەشەمەتلىك ساراي ـ ئوردىلىرى قاتارلىقلار شۇ دەۋىرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مەدەنىيەت ئىزنالىرى ھىساپلىنىدۇ.

## ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى

840 ـ يىلى موڭغۇلىيە دالاسىدىن كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن ياغمالار تۈركىستاندىكى قېرىنداشلىرى غەربى ياغمالار، قارلۇقلار ۋە چىگىللار بىلەن بىرلىشىپ قەدىمى ئەجداتلىرىنىڭ نامى بىلەن ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتىنى قۇردى. ئالىپ ئەرتوڭا ياشىغان قەدىمى شەھەر قەشقەرنى پايتەخت قىلدى. بالاساغۇن يازلىق پايتەخت بولدى. دۆلەت بايرىقى تۆت چاسا قىزىل شايى ئۈستىگە بىر تەرىپى ئالتە، بىرتەرىپى ئۈچ شىخى بار ئالتۇن رەڭلىك ئارچا دەرىخى چۈشۈرۈلگەن بايراق قىلىپ بېكىتىلدى. زېمىنى دەسلەپ يەتتە سۇ، ئىلى ۋادىسى، تەڭرىتاغنىڭ جەنوبى قسمى بولۇپ ، 1010 ـ يىلىغا كەلگەندە، شەرقى كەشمىر، غەربى خارەزىم، شىمالى بالقاش كۆلى، جەنوبى مەرۋى شاھ جاھانغا قەدەر بولۇپ، 5 مىليون كىۋادرات كىلومىتىردىن ئاشقان زېمىن ئىدى. تۇنجى قاغانى گۆل بىلگە قاراخان بولدى.

920 ـ يىلى قاغان سۇلتان سوتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولدى ۋە ئۇزۇن يىللىق يۇرۇشلەردىن كىيىن پۈتۈن ئۇيغۇرلارنى مۇسۇلمان قىلدى. 960 ـ يىلى ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى دەپ ئىلان قىلىندى. 1040 ـ يىلى ئىككىگە بۆلۈنگەن قاراخانىلار قىتانلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى.

قاراخانىلار دۆلىتىگە ئون ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن ياغمىلار ھۆكۈمرانلىق قىلدى ۋە 400 يىل داۋام قىلدى. قاغانلار قاراخان، بۇغراخان، ئارسلانخان دىگەن ئۇنۋانلاردا ئاتالدى. قاغانلارنىڭ نامى قۇتبىلەردە ئوقۇلدى. خەلىپە قايىم قاراخانىلار قاغانى ئىبراھىم بۆرە تېگىنگە « شەرق ۋە چىنىنىڭ پادىشاھى » ئۇنۋانىنى بەردى. قاراخانىلارنىڭ ھەربى قوشونى ناھايىتى مۇنتىزىم ۋە جەڭگىۋار بولۇپ بىرقىتىملىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسيانىنى باستۇرۇشتا 700 مىڭ كىشىلىك ئىسيانچى ئەسكەرلەرنى 40 مىڭ كىشىلىك قاراخانىلار ئەسكەرلىرى تار ـ مار كەلتۈرگەن .

قاراخانىلار دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ، فارابى، ئىبنى سىنا ، بىرونى، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، يۈسۈف خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى قاتارلىق مەشھۇر ئالىم ، پەيلاسوپلار يېتىشىپ چىقتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، سودا ـ تىجارەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، توقۇمىچىلىق ۋە سانائەت ئىشلىرى گۈللەپ ياشنىدى .

1211 ـ يىلى كۈچلۈكخان قىتانلار دۆلىتىنى يوق قىلىپ ، قەشقەرنى بىسىۋالدى ۋە شەرقى قاراخانىلارنى يوق قىلدى. 1212 ـ يىلى خارەزىم شاھ مۇھەممەت كۈيوغلى ئوسمان بۇغراخاننى ئۆلتۈرۈپ غەربى قاراخانىلارنى يوق قىلدى. ئاخىرىدا قاراخانىلارنىڭ مۇقەددەس تۇپراقلىرى چىڭگىزخاننىڭ چاڭگىلىغا چۈشتى

## ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى

840 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىز خانزادىسى پان تىكىن باشچىلىقىدىكى بىرقىسمى غەرپتىكى قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا كۆچتى. بىرنەچچە يىللىق جاپالىق يۈرۈش ۋە قانلىق ئۇرۇشلاردىن كىيىن، دەسلەپ جىمسار، بارىكۆل ئەتراپلىرىغا ، كىيىن قاراشەھەر، كۇچار رايونلىرىغا كۆچكەن پان تىكىن 848 ـ يىلى ئۆزىنى قاغان ئىلان قىلدى ۋەئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىنى قۇردى. 866 ـ يىلى بەشبالىقنى پايتەخت، ئىدىقۇتنى قىشلىق پايتەخت قىلدى. ئۇنىڭ تىرىتورىيىسى شەرقتە توققۇزبۇلاق ( جۇچۈەن ) دىن ،غەرپتە بۇگۇرگىچە، جەنۇپتا تەكلىماكاندىن شىمالدا ئالتايغىچە بولغان زېمىنلار بولۇپ، دۆلەت تۈزۈمى جەھەتتە ئۇيغۇر ئۇرخۇن دۆلىتىنىڭ داۋامى بولدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى پۈتۈن 485 يىللىق ھۆكۈمرانلىق تارىخىدا 275 يىل مۇستەقىل ياشىدى. 80 يىل غەربى قىتانلارغا، 136 يىل موڭغۇللارغا

بېقىنىپ يېرىم مۇستەقىل ياشىدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى 5 ئەسىرلىك شانلىق تارىخىدا دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ، خەلقنىڭ باياشاتلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن قېتىم قانلىق مۇداپىئە ئۇرۇشلىرىنى قىلدى. خوشنىلىرى قاراخانىلار ، سۇڭ سولالىسى، غەربىي قىتان، موڭغۇللار بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە بولدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر زىيالىلىرى ۋە قوماندان ، ئەسكەرلىرى چىڭگىزخان ھاكىمىيىتىدە ۋە غەربىي يۈرۈشلىرىدە ئالاھىدە رول ئوينىدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىدە دېھقانچىلىق ئاساس ، چارۋىچىلىق قوشۇمچە قىلىندى. ئۈۋچىلىقمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇردى. بۇغداي، ئارپا، كەندىر، شال، كۆەز، پۇرچاق قاتارلىق ئاشلىق ، ياغ ، مېۋە ، كۆكتاتلار ئۆستۈرۈلدى. ئات بېقىش ، بولۇپمۇ ھەربىي ئات تەربىيەلەش ئالاھىدە زور بولۇپ، نەچچە يۈز مىڭ جەڭ ئاتلىرى يېتىشتۈرۈلگەن. قوي، كالا، تۆگىلەر بېقىلغان.

قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا تېخىمۇ رىۋاجلانغان. پاختا، يىپەك توقۇمىچىلىقى، ئالتۇن سايمانلىرى ، ئۇرۇش قۇراللىرى، ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرى، ئىگەر - جابدۇق ياساش ، كانچىلىق، دورىگەرلىك، مەيچىلىك قاتارلىقلار ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان. قاشتېشى بويۇملىرى چەتئەللەرگە سېتىلغان. ئات ، تۆگە، ئات جابدۇقلىرى، گۈللۈك يىپ رەخت، يىپەك، ئالتۇن زىننەت بويۇملىرى، دورا-دەرمان، سۇسەر، بۆكەن مۈڭگۈزى، ئالماس، كىگىز، كۆن بويۇملىرى قاتارلىقلار خىتاي، رۇم ، ئەرەپلەرگە داڭلىق مەھسۇلاتلار قاتارىدا سېتىلغان.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىدە بەشبالىق شەھىرى كېڭەيتىپ قۇرۇلغان. پىششىق خىش، گۈللۈك خىشلاردىن ئېگىز مۇنارىلار، ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلەر، ھەيۋەتلىك سارايلار سېلىنغان. خەلق باي - باياشات بولۇپ، ئۆيلەر ئاق ھاكتا ئاقارتىلغان. بۇ دەۋردە « مۇقەددەس قەۋرە » ، « چستانى ئىلىگ بەگ » ، «ئىرق پۈتۈك »

« مانى شېئىرلىرى » ، « ئوغۇزنامە » ، « ئالتۇن يارۇق » ، « ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى » قاتارلىق داڭلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. ئاپرىنچورتېكىن، كۆل تارقان، سىنقۇسەلى تۇتۇڭ ، كەلىمە كەيشى قاتارلىق ئەدىبلەر مەيدانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلگەن. رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىق، نەققاشلىق سەنئىتى بوددا مەدەنىيىتى سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇلغان. مىڭ ئۆي تام رەسىملىرى، ھەيكەللىرى ھىلىغىچە ساقلانماقتا.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى 1335 - يىلى موڭغۇل چىغاتاي خانلىرىدىن تارماشىرىننىڭ زامانىسىدا چىغاتاي تېرىتورىيىسىگە قوشۇۋېلىندى.

ئارخىئولوگ ئالىم قۇربان ۋەلىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، مىلادى 700 - يىللاردىلا تۇرپاندا «ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى» مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ نامى ھەققىدىكى تارىخى خاتىرىلەر ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان دۆلەت تامغىسى ھازىر بېيجىڭ تارىخى مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## ئۇيغۇر كەڭسۇ دۆلىتى

مىلادى 840 - يىلى شەرقى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرتارمىقى ياغلاقار قەبىلىسى كەڭسۇ ( گەنسۇ ) رايونىغا كۆچۈپ كىلىپ، يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە ياشىدى. 865 - يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ قاغانى بۆكۈ تېكىن ھازىرقى كۆكنۇر ( چىڭخەي ) دىكى تىبەت قوشۇنلىرىنى تار - مار قىلدى. كېيىنكى كوريدورىدىكى ئۇيغۇرلار مىلادى 870 - يىلى گەنجۇ ( ساندىبىل ) نى پايتەخت قىلىپ، ئۇيغۇر كەڭسۇ دۆلىتىنى قۇردى. خىتاي تارىخچىلىرى « گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى » دەپ ئاتىغان بۇ دۆلەت ھازىرقى كەڭسۇ ئۆلكىسىدىكى دۇڭخۇاڭ، جاڭيې، ۋۇۋى، ئەنشى، جۇچۈەن، لەنجۇ شەھىرىنىڭ ئەتراپى، نىڭشادىكى ئېرسىن دەرياسى ۋادىلىرى قاتارلىق رايونلارنى ئۆز تېرىتورىيەسىدە تۇتۇپ كەلدى. 907 - يىلى تاڭ سولالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر كەڭسۇ دۆلىتى كۈچەيدى. خىتاي ۋە تىبەت ئىسيانچىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى يوق قىلىپ زېمىنىنى كېڭەيتتى. قاتۇنبالىق قاتارلىق شەھەرلەرنى بەرپا قىلدى.

دىخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر كەڭسۇ دۆلىتى مۇھىم قاتناش يولىنى ئىگەللەپ ئالغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە خىتاي

بەگلىكلىرى بىلەن سودا مۇناسىۋىتىنى رىۋاجلاندۇردى. قاشتىشى، ئالماس، خۇشپۇراق ماتىرىئاللار، تۇز، تۆگە، ياۋا تۆگە، مەرۋايىت، مىس ئەينەك، قىزىل سىماپ، مارجان، ئاق شۇڭقار، ئات، تېرە، پولات قىلىچ، ئىپار، تېرە كىيىم، ئۆتۈك، ئىگەر - توقۇم، سۇسەر تېرىسى، پولات، يۇڭ رەخت، پاختا رەخت، ئىران رەختلىرى قاتارلىق ماللارنى خىتايغا ساتتى. بۇ ماللارنىڭ بىرقىسمى يەرلىك مەھسۇلاتلار بولسا، بىرقىسمى ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى ۋە ئىدىقۇت دۆلىتىدىن كەلتۈرۈلگەن ماللار ئىدى.

ئۇيغۇر كەڭسۇ دۆلىتى 100 يىلغا يېقىن ۋاقت ئىچىدە ئەتراپتىكى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى كەسكىن ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنى قوغداپ كەلدى. بولۇپمۇ يىپەك يولىنى تالاشقان تاڭغۇت خاندانلىقى بىلەن نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇشۇپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. 1028 - يىلى ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا تاڭغۇتلار ئۇيغۇر كەڭسۇ دۆلىتىنىڭ پايتەختى گەنجۇ ( سانديىل ) نى بىسىۋالدى. ئۇيغۇر قاغانى ياغلاقار ئۆلدى. بالا - چاقىسى ئەسىرگە چۈشتى. 1036 - يىلىغا كەلگەندە دۆلەتنىڭ بارلىق زېمىنلىرى تاجاۋۇزچى تاڭغۇت قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ئاھالىلارنىڭ بىر قىسمى غەرپكە كۆچۈپ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىدىكى قېرىنداشلىرىغا قوشۇلدى. بىرقىسمى كۆكنۇر ئەتراپىغا كۆچتى. يەنە بىرقىسمى كۆچەلمەي تۇرۇپ قالدى. ھازىرقى كەڭسۇنىڭ سۇنەن رايونىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ ئۇيغۇر كەڭسۇ دۆلىتىنىڭ پۇخرالىرى بولغان ئۇيغۇرلاردۇر.

## ئۇيغۇر سەئىدىيە دۆلىتى

قۇدرەتلىك ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈركىستان ۋە شەرقى تۈركىستان زېمىنلىرىدا ئەسىرلەر داۋام قىلغان ئىچكى

ئۇرۇشلار، موڭغۇل چىڭگىزخان ئەۋلاتلىرىنىڭ يەر- زېمىن، ھوقوق تالىشىش ئۇرۇشلىرى ئۇيغۇرلارنى خانىۋەيران قىلدى.

مىلادى 1514 - يىلى سەئىدخان قەشقەردىكى مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئۇيغۇر سەئىدىيە دۆلىتىنى قۇردى. پايتەختى يەركەن قىلىپ بەلگىلەندى. سەئىدخان، مەخدۇمى نۇرانىدىن تەلىم ئالغان بىلىملىك، ھەربى ستىراتىگىيىچى، شائىر بولۇپ، تەدبىرلىك چارىلەر ۋە ھەل قىلغۇچ جەڭلەرنى قىلىپ، ئۇيغۇر ئېلىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇنىڭ زېمىنى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى قىسمى، ئىسسىق كۆل رايونى، شەرقى تۈركىستان ۋە بەدەخشان، كەشمىر، تىبەتنىڭ بىرقىسىم رايونلىرىغا قەدەر ئىدى. خەلق ئىگىلىگىنى ياخشىلاپ، بۇخرالارنى باياشات ھاياتقا ئىگە قىلىش يولىدا كۆرەش قىلغان سەئىدخان دۆلىتىنى قۇدرەت تاپقۇزدى.

سەئىدىيە دۆلىتى ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئالى ھاكىمىيەت ئورگىنى - سۇلتان، خانىش، ئەمىر كەبىر، ئاتالىق ۋەزىر، ئالى ئەمىر، ئاتا بېگى، تامغا بېگى، كاتىپ، ئوردا شائىرى، ھۆكۈما، چوڭ دىۋان بېگى، خەزىنىچى بەگ، شەيخۇلئىسلام، سىپا غازى، قازىبەگ، پاششاپ قاتارلىقلاردىن ۋە تۈرپان ۋالىسىدىن تەركىپ تاپتى. ۋىلايەت، رايونلارغا ۋالى، ناھىيەلەركە ھاكىم بەلگىلەندى. دۆلەت ئىشلىرى ۋەزىرلەر تەرىپىدىن، شەرىئەت ئىشلىرى شەيخۇلئىسلام، قازىلار تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىناتتى. ئەمىر كەبىر قوماندانلىقىدىكى ھەربى ئىشلار مەركىزى قوشۇن، ئوردا مۇھاپىزەتچى قوشۇن، ۋىلايەتلەردىكى قوشۇنلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئالدىنقى قىسىم، ئوڭ قول قىسىم، سول قول قىسىم، ئوتتۇرا قىسىم ۋە ئارقا سەپ قىسىملارغا ئايرىلاتتى. مەركىزى قوشۇندا 12 مىڭ ئەسكەردىن تەشكىللەنگەن بىرلىكلەر بار ئىدى. تۈرپان ۋالىلىقىغا قاراشلىق 4 مىڭ ئاتلىق ئەسكەردىن تەركىپ تاپقان چىگرا مۇداپىئە قىسىملىرى بار ئىدى.

ئۇيغۇر سەئىدىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندا 10 يىل دېخانچىلىق بېجى كەچۈرۈم قىلىندى. دېخانچىلىق، سۇ ئىنشائاتى تەرەققى قىلدى. چارۋىچىلىق رىۋاجلاندى.

نۇرغۇن باغلار بەرپا قىلىندى. كانچىلىق ، مېتال تاۋلاش، قۇيمىچىلىق تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قوغۇشۇن، تۆمۈر، ئاليومىن، سىنىك، ئالماس، قاشتېشى، سىماپ، گۈڭگۈرت، خىروستال، ئاش تۇزى قاتارلىقلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش، چەتئەللەرگە سېتىش بويىچە نام قازاندى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك بويۇملىرى پۈتۈن ئەتراپقا داڭلىق ئىدى. ئالتۇن ـ تىللا، مىس پۇل قۇيۇپ، ئوبوروتتا ئىشلىتىلدى. بىناكارلىق تەرەققى تاپتى. مازار بىناكارلىقىغا ئائىت يادىكارلىقلار ھازىرغىچە ساقلانماقتا. ئىچكى ۋە تاشقى بازار سودىسى جانلاندى. يەركەندىكى ئىككى قەۋەتلىك 360 ھوجرىلىق رەشىدىيە مەدرىسى، يېشىل مەدرىس، مەدرىسى ئىقلىمات، جاھان مەدرىسى، خانلىق مەدرىسى، مەھمۇدىيە، ساقىيە، ۋەلىدىيە قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ئېچىلدى. 948 خانىقا ، 585 مەسچىت ، 2263 مەكتەپ سېلىندى. مەكتەپلەردە ئەرەپ ، پارىس، تۈرك تىلى گىرامماتىكىسى، شەرىئەت ئىلمى، پەلسەپە، ھەدىس، قۇرئان تەپسىرى، ناتىقلىق ئىلمى، تىل ـ ئەدەبىيات، ئىسلام تارىخى، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، ئېستېتىكا، سەنئەت، خەتتاتلىق دەرسلىرى ئۆتۈلدى. تۈركىستاندا شۆھرەت قازانغان سەئىددىن قەشقەرى، خوجا زاھىت قەشقەرى، خوجا ئەخمەت قەشقەرى، زىيائىددىن قەشقەرى، مۇھەممەت ھەيدەر قەشقەرى قاتارلىق ئالىملار يېتىشىپ چىقتى. مىرزا ھەيدەر كوراگانى « جاھاننامە »، « تارىخى رەشىدى » نى يېزىپ چىقتى. ئامانىنساخان ـ ئابدۇرەشىتخاننىڭ خانىشى بولۇپ، قىممەتلىك كىتاپلارنى يازدى ۋە ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەپ چىقتى. يۈسۈپ قىدىرخان مۇقامچى ۋە « دىۋان قەدىرى» نىڭ ئاپتورى ئىدى. «تارىخنامە ـ ئابدۇرەشىتخان »، « تارىخ » ( مەھمۇت جوراسىنىڭ ) ، «بۇزرۇكۋار » ، « سەپەرنامە » (زەلىلىنىڭ ) ، « كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى » ( مۇھەممەت بىنى خاراباتىنىڭ )، « مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام » ( خىرقىتىنىڭ ) قاتارلىق قىممەتلىك كىتاپلار مەيدانغا كەلدى.

بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ئىچىگە تارقالغان جەھرىيە، چىشتىيە، سۇھرەۋەر، خۇپىيە قاتارلىق تەسەۋۋۇپچىلىق دىنى ئېقىمى تەسىرىدە ئۇيغۇر سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەزھەپچىلىك، تەرەببازلىق قاراشلىرى ئۇلغىيىپ، تەخت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەۋغالىرىغا ئايلاندى. سۈيقەستچى ئاپپاق خوجا تىبەت لامالىرىغا باش ئۇرۇپ، 1679 ـ يىلى 60 مىڭ جۇڭغارىيە قىزشونلىرىنى باشلاپ كېلىپ 166 يىل سەلتەنەت سۈرگەن ئۇيغۇر سەئىدىيە دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

## ئۇيغۇر قەشقەرىيە دۆلىتى

ئاپپاق خوجا نىڭ خائىنلىقىدىن كېيىن ، دىنى تەبرىقىچىلىق تۈپەيلى پۈتۈن تۈركىستان تېرىتورىيىسى رايونلار بويىچە خانلىقلار ئىلكىدە بولۇپ كەلدى. 1856 ـ يىلى روسلار غەربى تۈركىستانىنى ئىشغال قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ياقۇپ بەگ قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇ قەشقەر، يەكەنلەرنى پەتىھ قىلغاندىن كېيىن، خوتەن ۋە كۇچارلارنى بويسۇندۇرۇپ پۈتۈن شەرقى تۈركىستانىنىڭ 7 ۋىلايىتىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر قەشقەرىيە دۆلىتىنى قۇردى ۋە تىزلىكتە ئۈرۈمچى، ئىلى ، ئالتايلارنى بويسۇندۇرۇپ پۈتۈن شەرقى تۈركىستانىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاتلاندى. تۇڭگانلار بىلەن بولغان بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن ، ئۈرۈمچى، ئىلى رايونلىرىنى تەۋەسىگە قوشۇپ، يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، غەربتە پامىر ۋە ئلاي تاغلىرىدىن تارتىپ ئىسسىقكۆل، ئالماتالارغىچە، شىمالدا بالقاش كۆلى، ئالتايىنىڭ جەنۇبىغىچە، شەرقتە بارىكۆل تاغلىرىغىچە، جەنۇبتا قاراقۇرۇم، كۇئىنلون باغرىغىچە بولغان ئۇيغۇر زېمىنلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بەدەۋلەت ئۇنۋانىنى ئالدى. ئۇرۇش تەييارلىقى ئىچىدە ھاكىمىيەت تۇتقان ياقۇپ بەگ ئالدى بىلەن تاشقى دىپلوماتىيىگە ئەھمىيەت بەردى. ئۇ تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلئەزىزخانغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ شەرقى تۈركىستانىنى مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئابدۇلئەزىزخان جاۋابەن ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى ۋە ياقۇپ بەگكە ئەمىر

ئەلمۇسلىمىن ئۇنۋانى بېرىپ ئۇنىڭ دۆلىتىنى رەسمى ئېتىراپ قىلدى. ئەنگىلىيە، روسىيە دۆلەتلىرىمۇ رەسمى ئېتىراپ قىلىپ ئۆز- ئارا ئەلچىلەر ئۆمىگى ئەۋەتتى. ھىندىستان بىلەن قۇرال - ئوق سودىسى قىلىندى.

ياقۇپ بەگ 80 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيە تەشكىللەپ ھەربى تەلىم - تەربىيەنى كۈچەيتتى. قۇرال ۋە ئوق - دورا زاۋۇتلىرىنى قۇردى. 1875 - يىلى ئەنگىلىيىنىڭ ماددى ياردىمى، روسىيەنىڭ قۇرال ياردىمىنى ئالغان خىتاي قوماندانى زوزۇڭتاڭ غەرپكە يۈرۈش قىلىپ 400 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرى بىلەن تۇڭگان قوشۇنلىرىنى قوغلاپ، قومۇلغا يېتىپ كەلدى. 1876 - يىلى زوزۇڭتاڭغا يوشۇرۇن تەسلىم بولغان خوتەن ۋالىسى نىيازبەگ ياقۇپ بەگنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ خوتەندە مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. ئۈرۈمچىدە تۇڭگانلار يۇزئۆرۈپ شەھەرنى زوزۇڭتاڭغا تاشلاپ بەردى. ھېكىم خان تۆرە ئىلىدا ئۆزىنى پادىشاھ ئېلان قىلدى. ياقۇپ بەگنىڭ كىچىك ئوغلى ھەققۇلى بەگ قەشقەردە ئىستىقلال ئېلان قىلىپ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغان ئاكىسى بەگقۇلى بەگكە قارشى چىقتى. ياقۇپ بەگ ئەسلىدە غەربى تۈركىستاندىكى دوس تەھدىدىدىن ئەنسىرەپ خىتايلار بىلەن سۇلھ قىلىشنى نەزەردە تۇتۇپ تۇرپان ۋە داۋانچىڭلاردا قارشىلىق كۆرسەتمەي چېكىنگەن ئىدى.

خىتاي خانىنىڭ سۇلھ تەسدىقىنى كۈتىۋاتقان زوزۇڭتاڭ، يوقىرىدىكى ئىچكى ماجرالارپۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ 1877 -يىلى پۈتۈن شەرقى تۈركىستاندا قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ قەشقەرىيە دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. خىتايلار شەرقى تۈركىستاندا ئۆلكە تەسىس قىلىپ ئۇنى شىنجياڭ ( يېڭى ئىگەللىگەن يەر ) دەپ ئاتىدى.

www.uyghurkitap.com

## ئۇيغۇر ئىلى دۆلىتى

غەربى تۈركىستاننى بېسىۋالغان روسلار بىلەن شەرقى تۈركىستاننى بېسىۋالغان خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئارىسىدا زوزۇڭتاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان ھېكىم خان تۆرە باشچىلىقىدىكى ئىلى سۇلتانلىقى دۆلىتى ئىلى ۋە يەتتەسۇ تەۋەلىكىدە ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزدى. 1879 - يىلى خىتايلار تىبەتكە ئەسكەر كىرگۈزگەندە، بۇنى باھانە قىلغان روسلار ئىلى ۋە يەتتەسۇ ۋىلايىتىنى بېسىۋېلىپ ئىلى سۇلتانلىقى دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. روس - خىتاي كېلىشىمىسىگە ئاساسەن 1889 - يىلى روسلار ئىلى ۋادىسىنى بوشۇتۇپ بېرىپ، يەتتەسۇنى ئىگەللەپ ئالدى. خىيانەتكار خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس تۇپراقلىرىنى روسلارغا شەخسى سودىسى بىلەن بېرىۋەتتى! ئىلىدىكى زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار يەتتەسۇغا كۆچتى. ئىلى سۇلتانلىقى بولسا خىتايلار بىلەن سۇلھە قىلىپ ئىچكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى. كېيىن كۆپلەپ ئەسكەر يۆتكەپ ، خىتاي كۆچۈرۈپ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغان خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئىلى دۆلىتىنى ئاستا - ئاستا يەپ كەتتى.

## شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى

خىتايدا مانجۇ خاندانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەرقى تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى ئومۇمى تېررىتورىيىسى ھەقىقى ھالدا خىتاي مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. 1931 - يىلى زۇلۇمغا چىدىمىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى خوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدا قومۇلدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ،

ئۈرۈمچىگە يېقىنلاشتى. تۇرپاندا ھەمدۇللا ئەلەم، مەسئۇت مۇھىدى، توخسۇندا توختاخۇن، ئالتايدا شەرىپخان باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. 1933 - يىلى خوتەندە مەھەممەت ئىمىن بۇغرا باشچىلىقىدىكى مۇجاھىدلار ئىسلام جىھاتى ئاچتى ۋە خوتەننى پەتىھ قىلدى. خوجانىياز ھاجى قوشۇنى قەشقەرگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان پەيتتە، 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردە ساۋۇت داموللام باشچىلىقىدا شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. خوجانىياز ھاجى دۆلەت باشلىقلىقىغا بەلگىلەندى. دۆلەت بايرىقى، دۆلەت پاسپورتى ۋە پۇل چىقىرىلدى. تۈركىيە، ھىندىستان، ئافغانىستان، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئەلچىلەر ئېۋەتىلدى. تۈركىيەدىن ھەربى مەسلىھەتچىلەر كەلدى. مۇنتىزىم دۆلەت ئاپاراتى، دۆلەت سىياسى پىروگراممىسى، ئەسكىرى قانۇنلار ئىلان قىلىندى.

بۇ مەزگىلدە گەرچە خىتاي قوشۇنلىرى ئاجىز بولۇپ، ئامالسىز قالغان بولسىمۇ، ئەمما خوجانىيازھاجى روس كوممۇنىستلىرىنىڭ سۈيىقەستى بىلەن يېڭى قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان ھاكىمىيىتىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. مەمتىمىن بۇغرا باشچىلىقىدىكى خوتەن قىسىملىرى تۇڭگانلار بىلەن بولغان ئۇرۇش ۋە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن بولغان ئاداۋەت تۈپەيلى، بۇ ھۆكۈمەتنى ئىتراپ قىلمىدى. زالىم شىڭ شىسەي خوجانىياز ھاجىمنى ئالداپ يوق قىلدى. روسلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قەشقەردىكى شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى، تۇڭگان قىسىملىرىنى ۋە خوتەن قىسىملىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇشتۇرۇپ ئاخىرى ھەممىسىنى يوق قىلدى. 1934 - يىل ئاخىرىغا قەدەر شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى تارقىلىپ كەتتى. ساۋۇت داموللام شېھىت قىلىندى. مەمتىمىن بۇغرا ۋە گېنىرال ماھمۇتلار چەتئەلگە چىقىپ كەتتى. ھاكىمىيەت يەنىلا خىتايلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. خوجا نىياز ھاجىم شىڭ شىسەينىڭ يالغان ۋەدىسىگە ئىشەندى، بولۇپمۇ روس كونسۇلىنىڭ ئۇرتىدا كاپالەت بېرىشى ئۇنى تېخىمۇ ئىشەندۈردى. ئاخىرىدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ مۇئاۋىن رەئىس بولغان خوجانىيازھاجى ئەسكەرلىرىدىن، قوماندانلىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ھوقۇقتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىراقلاشتۇرۇلدى ۋە خۇددى ئۇستازى تۇمۇر خەلپىگە ئوخشاشلا نادامەت ئىچىدە دۈشمەن قولىدا شېھىت بولدى. مەمتىمىن بۇغرا، ماھمۇت گېنىراللار ھىندىستان، تۈركىيە، ياپونىيەلەردە شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ داۋاسىنى داۋاملاشتۇردى.

## شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ 10 يىل ئىچىدە شەرقى تۈركىستان خەلقى قانلىق باستۇرۇلدى، قاتتىق تالان - تاراج قىلىندى. خەلقنىڭ غەزىۋى چېكىگە يەتتى. 1944 - يىلى 6 - ئايدا ئىلقادا پارتلىغان غېنى باتۇر باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار قوزغىلىڭى ئىلقانى ئازات قىلدى. غۇلجىدا ئېلىخان تۆرە يىتەكچىلىگىدە قۇرۇلغان « ئازاتلىق تەشكىلاتى» بۇ قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، قۇرال سېتىۋېلىپ، دەرھال ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىپ غۇلجا شەھىرىنى ئازات قىلدى. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى دۇنياغا جاكارلاندى. قوزغىلاڭچى قوشۇن تېز ۋاقت ئىچىدە ئىلگىرىلەپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايلارنى ئازات قىلىپ ماناس دەرياسى بويىغا قەدەر قىستاپ كەلدى. ئۇرۇمچىگە 2 سائەتلىك يول قالغان ئىدى.

بۇ چاغدا سوۋېت روسىيىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىدىن قۇتۇلۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن شەرقى تۈركىستان دۆلەت ھاكىمىيىتى روس جاسۇسلىرىنىڭ تېز گىنلىشى سەۋەبىدىن ئىلگىرىلىيەلمىدى. مارشال ئېلىخان تۆرە ئالداپ تۇتۇپ كېتىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى خىتاي بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە زورلاندى. روسلار ۋە خىتايلاردىن يوشۇرۇن قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان خەلق پارتىيىسى ھاكىمىيەت ۋە ھەربى قوشۇندا تېز يىلتىز تارتىپ شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەقىقى مۇستەقىللىقى ئۈچۈن سىياسى پروگرامما ھازىرلاپ كۈرەشكە ھازىرلانغان پەيتتە، روسلار دۆلەت رەھبەرلىرىنى « ئايروپىلان ۋەقەسى» ئويدۇرۇپ قەتلىئام قىلىپ،

1949 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھاكىمىيىتىنى خىتايلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئەسلىدە قىرىمدىكى يالتا يىغىنى كېلىشىمىدە تۈركىستاننى تەقسىم قىلىشقان جاھانگىرلار ئۆز تەقسىماتى بويىچە شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلغان ئىدى.

شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئاپاراتى ھازىرقى زامان ئىلغار سەۋىيىسىدىكى دۆلەت ئاپاراتى بولۇپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ۋە دېموگراتىك قانۇننى ئاساس قىلغان ئىدى. دۆلەت بايرىقى، دۆلەت پۇلى، دۆلەت گېربى، دۆلەت بانكىسى ۋە دۆلەت ئارمىيىسى بەرپا قىلىنغان ئىدى. شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھەربى قۇماندانلىق شتابىدا بىر مارشال، يەتتە بۆلۈم ، ئۈنىڭ قارمىقىدا يەتتە پولىك، بەش مۇستەقىل باتالىيون بولۇپ، 40 مىڭدىن كۆپ زامانىۋى قۇراللانغان مۇنتىزىم ئەسكىرى قىسىملىرى بار ئىدى.

خىتاي كوممۇنىست ئارمىيىسى دەسلەپ بىتىم روھى بويىچە، شەرقى تۈركىستانغا گومىنداڭ قالدۇق قوشۇنلىرىنى تازىلاشقا كىرگەن بولۇپ، شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىكتە ھاكىمىيەت باشقۇرغان ئىدى. ئەمما كېيىنچە پەيدىن ـ پەي ئەسكىرى قىسىملىرىنى كۆپەيتىپ، شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كادىرلىرىنى ۋە ئوفىتسىر ـ ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ، ئالداپ ، تۇتۇپ ـ سولاپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ يوقاتتى. ھاكىمىيەتنى ئۆزئالدىغا تارتىپ ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 4 ـ باب شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى

شەرقى تۈركىستان تەبئى مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىگى،تەبئى شارائىتىنىڭ ئەپلىكلىگى، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ موللىقى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان ئۆلكە بولۇپ، يەر، سۇ، ئۆسۈملۈك، هايۋانات، ئورمان بايلىقلىرى جەھەتتە« قاتتىق جىسىملىق سۇ ئامبىرى » ، « ئاشلىق ئامبىرى » ، «گۆش ئامبىرى » ، «تولپارلار يۇرتى » ، « قۇرۇقلۇقتىكى شامال ئامبىرى » ، «گىلەم يۇرتى » ، « يىپەك يۇرتى » ، « كارىز يۇرتى » ، « مىۋە ماكانى » ، «دورا ماكانى » دىگەندەك ناملارغا، نېفىت، ئالتۇن ، كۆمۈر، تۆمۈر، ئورانىيوم قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى جەھەتتە، « گىئولوگىيىلىك مۇزىي » ، « نېفىت يۇرتى » ، « ئالتۇن ماكانى » ، « 21 ـ ئەسىردىكى كۇۋەيت » دىگەندەك ناملارغا ئېرىشكەن.

## ئىقتىسادى ئىگىلىگى

### سۇ مەنبەسى :

شەرقى تۈركىستاندىكى سۇ ئامبىرى زاپىسى 5 مىليارت 400 مىليون كۇپمىتىر، دەريالارنىڭ ئومۇمى ئېقىن مىقدارى 80 مىليارت كۇپمىتىردىن ئارتۇق بولۇپ، 190 مىليون مويەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ. يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپاس مىقدارى 20 مىليارت كۇپمىتىرغا يىتىدۇ. بارلىق سۇ يۈزى كۆلىمى 70 مىليون كۇپمىتىر بولۇپ، سۇغۇرۇش ئىنشائاتلىرى قالاق، مەبلەغ سىلىنمىغاچقا % 25 سۇ جەتتەلگە ئېقىپ كىتىدۇ. % 30 سۇ يەر ئاستىغا سىڭىپ كىتىدۇ. شەرقى تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى خەلق ئاساسەن دەريا، ئۆستەڭ، بۇلاق سۇلىرىنى

ئىچىدۇ . بەزىلەر قار - مۇزلارنى ئېرىتىپ ئىچىدۇ . جەنۇبىدا بولسا 10 مىليوندىن ئارتۇق يەرلىك خەلقنىڭ دېخانچىلىق يەر سۇغۇرۇش ۋە ئىچىملىك سۇيى ھەل بولمىغاچقا ھەردائىم نامراتچىلىق ۋە يۇقۇملۇق كىسەل ئىچىدە ياشىماقتا . خىتايلار مەركەزلەشكەن شەھەرلەردە تىروبا سۇيى ئومۇملاشقان .

## يەر بايلىقى :

شەرقى تۈركىستاننىڭ يېرى كەڭ بولۇپ، ھەر كىۋادرات كىلومىتىرغا 8 كىشى توغرا كېلىدۇ . ئومۇمى ئىشلىتىلىدىغان يەر 105 مىليون مو بولۇپ، ئومۇمى يەر كۆلىمىنىڭ % 5 نى تەشكىل قىلىدۇ . ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەر 65 مىليون مو بولۇپ، كىشى بېشىغا 5 مودىن توغرا كېلىدۇ . يېقىنقى يىللاردا يەرلىك ئاھالىنىڭ نوپوسىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن خىتاي كۆچمەن كەلكۈنى بۇ نىسبەتلەرنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. شەھەرلەردە ماكانسىزلىق، يېزىلاردا يەرسىزلىك ھالىتى شەكىللەندى. يەر بايلىقى قانون بويىچە دۆلەتكە تەۋە ھېساپلىنىپ ماھىيەتتە ھۆكۈمران خىتايلارنىڭ خالىغانچە قالايمىقان ئىشلىتىشىگە تاشلاپ بېرىلگەن. شۇڭا شەھەرلەردە يەرلىك خەلقنىڭ ئۆيلىرى خىتاي مەمۇرلىرىنىڭ پىلانى بويىچە ئەرزان باھادا مەجبۇرى تارتىۋېلىنسا، يېزىلاردا مۇنبەت يەرلەر زورلۇق بىلەن ئىگەللىنىپ ئېلىنىدۇ .

## دېخانچىلىقى :

شەرقى تۈركىستاندا تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 61 مىليون مو بولۇپ، ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 46 مىليون مو ، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 10 مىليون مو ، ياغلىق زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 3 مىليون مو ، قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون مو ، قوغۇن ، تاۋۇز تېرىلغۇ كۆلىمى 500 مىڭ مو ، ئۇندىن باشقا مېۋىلىك دەرەخ،

كۆكتات، پىلە غوزىسى، قۇلماق، ئەفيون تېرىلغۇ يەرلىرى بار. % 50 يەرگە بۇغداي، قوناق، شال، پۇرچاق تېرىلىدۇ. ھەر يىلى 5 مىليون مو تېرىلغۇ يېرى ھەرخىل ئاپەتلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

1994 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات مىقدارى 67 مىليون توننا ، پاختانىڭ ئومۇمى مەھسۇلات مىقدارى 882 مىڭ توننا، ياغلىق دان مەھسۇلات مىقدارى 508 مىڭ توننا، قىزىلچا مەھسۇلات مىقدارى 3 مىليون توننا بولۇپ، ھەربىر يىزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق 2397 كىلوگرام، پاختا 318 كىلوگرام، ياغلىق دان 183 كىلوگرام بولغان . شۇ يىلى ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليارت 647 مىليون يۈەن ( 3 مىليارت 800 مىليون دوللار ) بولغان. يىللىق كىرىمى 100 دوللارغىمۇ يەتمىگەن كەڭ يەرلىك دېھقانلار ئاچ - يالىڭاچ ياشايدۇ. زامانىۋىلاشقان خىتاي دېخانچىلىق مەيدانلىرىدىكى مائاشلىق ئىشچىلارنىڭ يىللىق كىرىمى ئالاھىدە يوقىرى بولۇپ، تەشۋىقات ئۈلگىسى سۈپىتىدە ئىلان قىلىنىدۇ.

## چارۋىچىلىقى :

شەرقى تۈركىستاندا 21 ناھىيە چارۋىچىلىق بىلەن، 16 ناھىيە يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شوغۇللىنىدۇ. يايلاق كۆلىمى 720 مىليون مو، ئوتلاق كۆلىمى 4 مىليون 500 مىڭ مو ( ھازىرغىچە 30 مىليون مودەك ئوتلاق ئەسكەرى مەيدانلار تەرىپىدىن تېرىلغۇ يېرىگە ئۆزگەرتىۋىتىلگەن ) ، قوتاندىكى چارۋا مال 1994 - يىلىدىكى مەلۇماتتا 36 مىليون تۇياق، يىللىق ئەي بولىدىغان تۆل 14 مىليون 500 مىڭ تۇياق، يىللىق سىتىلىدىغان چارۋا مال 14 مىليون تۇياق، تېرە 7 مىليون دانە، گۆش 376 مىڭ توننا، قوي يۇڭى 52 مىڭ توننا، ئۆچكە تىۋىتى 750 توننا، سۈت 360 مىڭ توننا، تۇخۇم 17 مىڭ توننا بولۇپ ، يىللىق چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارت 540 مىليون يۈەن ( 1 مىليارت دوللارغا يېقىن ) . چارۋىچىلارنىڭ يىللىق كىرىمى 100 دوللارغىمۇ يەتمەيدۇ. چەتئەللەرگە ۋە ئىچكى خىتايغا توشۇلىدىغان يوقىرىدىكى مەھسۇلاتلار ھاكىمىيەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن مەجبۇرى ھەمدە

بەلگىلەنگەن تۆۋەن باھادا ستىۋىلىندۇ. بويسۇنمىغانلار جازالىندۇ.

شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىلى، قاراشەھەر، بارىكۆل ئاتلىرى، ئىلى، تارباغاتاي كالىلىرى، خوتەن، كۇچار، ئالتاي، قويلىرى، باي توخوسى سۈپىتى يوقىرى داڭلىق چارۋىلار ھىساپلىنىدۇ. شەرقى تۈركىستاندا ھازىر 1مىليون 300 مىڭ نەسىللىك كالا، 9 مىليون ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلى يېتىشتۈرۈلدى. ئالتاي قويىنىڭ 5 ئايلىق پاخلانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 37 كىلوگرام بولۇپ، 20 كىلوگرام گۆش چىقىدۇ. شەرقى تۈركىستاندا كىشى بىشىغا 12 كىلوگرام گۆش توغرا كىلىدۇ. 1 كىلوگرام گۆشنىڭ باھاسى 3 دوللار بولۇپ، يىللىق كىرىمى 100 دوللارغا يەتمىگەن دىھقان ـ چارۋىچىلار ۋە كەڭ مىھنەتكەشلەر ئاساسەن گۆش يىيەلمەيدۇ. يەرلىك ئىشسىز ئاھالىلار پەقەت خىتايلار ئۈچۈن گۆش ۋە كاۋاپ ساتىدۇ.

## ئورمانچىلىقى :

شەرقى تۈركىستاندا ئورمان مەيدانى 44 مىليون مو بولۇپ، ئومۇمى يەر كۆلىمىنىڭ 1.8% تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئورمانلىق 22 مليون مو، چاتقاللىق 3 مىليون مو، ئۆرە ياغاچ زاپىسى 250 مىليون كۇپمىتىر، كىشى بېشىغا 1.65 مو ئورمانلىق، 16.7 كۇپمىتىر ياغاچ توغرا كىلىدۇ. 62% زىمىن چۆل ـ جەزىرە.

تاغ ئورمىنى شەمشات ۋە قارىغاي ياغىچى بولۇپ، كۆلىمى 12 مىليون 300 مىڭ مو، ئۆرە ياغاچ زاپىسى 190 مىليون كۇپمىتىر. تۈزلەڭلىك ئورمىنى 10 مىليون مو، ئۆرە ياغاچ زاپىسى 42 مىليون 300 مىڭ كۇپمىتىر، بولۇپ ئاساسەن توغراق، ھاڭگا تېرەك، قاراياغاچ دەرەخلىرىدىن ئىبارەت.

شەرقى تۈركىستاندا ئالتاي ئورمانلىقى، تەڭرىتاغ ئورمانلىقى ۋە جەنوپتىكى توغراق ئورمانلىقى بار. 20 مىڭغا يېقىن دۆلەت ئورمان ئىشچىسى بار. 2 ئورمانچىلىق ئىدارىسى، 40 تاغ ئورمانچىلىق مەيدانى، 21 تۈزلەڭ ئورمانچىلىق مەيدانى، 75 كۆچەتزارلىق، 36 باشقۇرۇش مەيدانى، ھەر بىر ۋىلايەت، ناھىيەدە ئورمانچىلىق ئىدارىلىرى بار. ئورماننىڭ يىللىق خوراش مىقدارى 2 مىليون كۇپمىتىر. ئاھالىلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

يىللىق يىقىلغۇ ياغىچى 3 مىليون 200 مىڭ تونىنا، دۆلەتنىڭ 40 يىلدا شەرقى تۈركىستان ئورمانچىلىقىغا سالغان مەبلىقى 160 مىليون يۈەن ( 20 مىليون دوللارغا يېقىن ) بولۇپ، پەقەت 1992 ـ يىللا ستىلغان ياغاچ 150 مىليون يۈەن ( 19 مىليون دوللارغا يېقىن ) ، ھەر يىلى چەتئەللىكلەرگە ئورماندا ئوۋ ئوۋلاتقۇزۇپ ئالىدىغان تاپاۋەت 200 مىڭ ئامرىكا دوللارى. خىتاي دۆلەت ئورمان مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بىۋاستە تارتىۋېلىنىپ باشقۇرىلىۋاتقان شەرقى تۈركىستان ئورمان ياغاچلىرى پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن ئىچكى خىتايغا ھەقسىز توشۇپ كىتىلىدۇ. يەرلىك خەلق بۇ بايلىقىدىن ھېچقانداق بەھرىمان بولالمايدۇ.

## بېلىقچىلىقى :

شەرقى تۈركىستاننىڭ بېلىق بېقىلىدىغان سۇ يۈزى 2 مىليون مو، بېلىقچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمى مىقدارى 35 مىڭ 300 تونىنا ، يىللىق تۇتۇلىدىغان بېلىق 15 مىڭ تونىنا، بېلىقچىلىق مەيدانلىرى ئاساسەن ئۆرۈمچى ئەتراپى رايونلىرىدا . بۇرۇلتوقاي، باغراش كۆللىرىدىن يىلىدا 5 تونىنا ئەلا سورتلۇق بېلىق تۇتۇلىدۇ. 10 مىڭ مولۇق كۆلچەكلەردە بېقىلىدىغان بېلىقلاردىن يىلىغا 700 تونىنا بىلىق تۇتۇلىدۇ. سۇ ئامبارلىرىدا 820 مىڭ مو سۇ يۈزى بولۇپ، يىلىغا 2400 تونىنا بېلىق تۇتۇلىدۇ.

ئىچكى قۇرۇغلۇق تۇزلۇق كۆلى ـ ئىبنۇر كۆلىدە زاپاس مىقدارى 4000 تونىدىن ئارتۇق بولغان گالوگىنلىق قۇرتلار مەنبەسى بايقىلىپ تەتقىق قىلىنماقتا. يىلىدا 2 مىڭ تونىنا بېلىق ئىلىنىدىغان تۇزسىز كۆل ـ باغراش كۆلىدە ياپىلاق بېلىق، چوڭ باش بېلىق، ئۇزۇن باش بېلىق، ئۇچلۇق باش بېلىق، ئۇچلۇق تۇمشۇقلۇق بېلىق قاتارلىق ئون نەچچە تۈرلۈك بېلىق بولۇپ، پاقا ، راك ، قىسقۇچ پاقىلارمۇ يېتىشتۈرۈلمەكتە.

شەرقى تۈركىستان كۆللىرىدە ئىپار چاشقىنى، سۇ يۇلغۇنى قاتارلىق قىممەتلىك سۇ ھايۋانلىرى كۆپ بولۇپ، ھەريىلى نەچچە يۈز مىڭ تاختا قىممەتلىكسۇ ھايۋانلىرى تېرىسى چەتئەللەرگە ستىلىدۇ.

شەرقى تۈركىستاننىڭ بېلىقچىلىق كەسپى ئاساسەن دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، دەريا، كۆللەر دۆلەت مۈلكى قاتارىدا كونترول قىلىنغانلىقتىن سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىچكى خىتايغا توشۇپ كېتىلىدۇ. يەرلىك خەلق ئۆز مەھسۇلاتلىرىدىن زادىلا بەھرىمان بولالمايدۇ.

## قول ھۈنەرۋەنچىلىكى :

شەرقى تۈركىستاندا 7 مىڭغا يېقىن يېزا ـ بازار كوللېكتىپ زاۋۇت ـ فابرىكىلار ( يېرىم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ) ۋە نۇرغۇن شەخسلەر قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شوغۇللۇنۇپ، تارىخى، مىللى، ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەت داۋاملاشماقتا.

ئالتۇن زىننەت بويۇملىرى ياساش، پىلە بېقىپ يىپەك توقۇش، قاشتېشى ئويمىچىلىقى، نەققاشچىلىق، كىيىم ـ كېچەك تىكىش، ياغاچ، تۆمۈر، مىس ئەسۋاپلار ياساش، ئاياق تىكىش، قومۇش مەھسۇلاتلىرى ياساش، دوپپا تىكىش، مىس چۆگۈن، چىلاپچا، ئاپتۇۋا ياساش، پىچاق ياساش، مۇزىكا ياساش، ئاشپەزلىك، ناۋايلىق قاتارلىق كەسپلەر ئومۇملاشقان. يىلىغا 5 مىڭ توننا پىلە غوزىسى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. مىڭ توننا قاشتېشى بويۇمى چەتئەللەرگە ۋە خىتايلارغا سېتىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردا، ئەڭ قولاي شارائىتلار بىلەن تەمىنلەنگەن خىتاي كۆچمەنلىرى يەرلىك قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ كۆپلىگەن تۈرلىرىنى ئىگەللىۋېلىپ يۈزمىڭلىغان يەرلىك ھۈنەرۋەنلەرنى ئىشسىزلار قوشۇنىغا قوشۇۋەتتى.

## باغۋەنچىلىكى، كۆكتاتچىلىقى :

شەرقى تۈركىستاندا ئىقتىسادى ئورمان كۆلىمى 2 مىليون مو بولۇپ، 150 مىڭ مو يەرگە مىۋىلىك دەرەخ تىكىلگەن. 550 مىڭ مو يەرگە قوغۇن ـ تاۋۇز، 1 مىليون 200 مىڭ مو يەرگە كۆكتات تېرىلىدۇ. يىلىغا 1 مىليون توننا مېۋە، 1 مىليون

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توننا قوغۇن ـ تاۋۇز ئىلىنىدۇ. 2 مىليون تونىنا كۆكتات ئىلىنىدۇ.

قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم، نەشپۈت، ئۆرۈك، ياڭاق، چىلان، بادام، شاپتۇل، جىگدە، ئالما، خاسىڭ، قۇلۇپىنىك، بۆلدۈرگەن، ئەنجۈر قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ھەرخىل سورتلىرى، قاقلىرى ۋە مېغىزلىرى ئىچكى خىتايغا ۋە چەتئەللەرگە چىقىرىلىدۇ. ياڭاقنىڭ موبىشى مەھسۇلاتى 200 كىلوگرام، ئالمىنىڭ 2 تونىنا، ئۆرۈكنىڭ 1 تونىنا بولۇپ، يېقىنقى يىللاردا ئاتوم سىناقلىرى تەسرىدە مېۋىلەرنىڭ ئەلا سورتىدا زور چېكىنىش بولۇپ مەھسولاتى ئازلاپ سۈپىتى ناچارلاپ كەتتى.

شەرقى تۈركىستاندا يېتىشتۈرۈلىدىغان شوخلا، سەۋزە، سامساق، مۇچ، تەرخەمەك، يېسىۋىلەك، پالەك، تۇرۇپ، چامغۇر، پىياز، ئۈزۈن ـ قىسقا پۇرچاق، يۇمغاقسۈت، ياڭيو قاتارلىق كۆكتاتلارمۇ ئۆزىنى تەمىنلەپلا قالماي، سىرتقا چىقىرىلىدۇ.

شەرقى تۈركىستاننىڭ دۇنياغا مەشھۇر بولغان كۆكتات تۈرلىرى ۋە دورا خاراكتىرلىق كۆكتات تۈرلىرى ھەرتەرەپلىمە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماقتا. سامساق كۆكتاتچىلار قولىدىن ئىنتايىن ئەرزان باھادا سېتىۋېلىنىپ (باھا تاشقى سودا ـ سېتىۋالغۇچىلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ) خام ئەشيا پېتى ئىچكى ئۆلكىگە توشۇلۇپ، سامساق پاراشوگى ھازىرلىنىپ چەتئەللەرگە سېتىلىدۇ. بۇ تىجارەتنى مونوپول قىلىۋالغان ھۆكۈمەت دائىرىلىرى كۆكتاتچى قولىدىن 30 ھەسسە پايدا ئالىدۇ. ئۇندىن باشقا ئىچكى خىتاينىڭ سۈپەتسىز، ئەرزان باھادىكى كۆكتاتلىرىنى بازارغا سېلىپ ياكى ئەرزان ئەمگەك كۈچى ـ كۆچمەن يۆتكەپ كېلىپ كۆكتات تېرىپ يەرلىك كۆكتات بازارلىرىنى ۋەيران قىلدى.

## ياۋايى ھايۋان ۋە دورا ئۆسۈملۈكى:

شەرقى تۈركىستاننىڭ تەبئى ئورمانلىرىدا 130 خىلدىن ئارتۇق ياۋايى ھايۋان ياشايدۇ. يولۋاس، يىلپىز، بۆرە، تۈلكە، ياۋايى تۆگە، ياۋايى ئات، ياۋايى ئىشەك، ئېيىق، بۆكەن، بۇغا ـ مارال، سۇغۇر، ياۋا توشقان قاتارلىقلار ئۇۋلىنىدۇ. ھەربى

قىسىم ۋە مەخسۇس ئەترەتلەر ياۋايى ھايۋانلارنى توپ ـ توپى بىلەن ئوۋلاپ كىرىم قىلىدۇ. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى 1992 ـ يىلى چەتئەلگە 1 مىليون 550 مىڭ دوللارلىق بۇغا مۈڭگۈزى ساتقان. قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلارنى مۇھاپىزەت خىزمىتى ياخشى بولمىغاچقا ئوغرىلىقچە ئوۋلاش ئەۋج ئالغان. ھەتتا دۆلەتنىڭ مۇھاپىزەت قىلغۇچى قىسىملىرى ئۆزلىرى قارا گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ ئوغرىلىقچە ئوۋلاپ ستىش جىنايىتى ھەردائىم سادىر بولۇپ تۇرىدۇ.

شەرقى تۈركىستاندا 132 ئائىلە، 856 ئۇرۇق، 3500 خىلدىن ئارتۇق ياۋايى ئۆسۈملۈك بار. قىممەتلىك ئۆسۈملۈكلەر 300 خىلدىن ئاشىدۇ. كەم ئۇچرايدىغان ئۆسۈملۈكلەر 100 خىلغا يېقىن بولۇپ، لوپ كەندىرى، كۆك سېغىز ئوت، قومۇش، چىغ ، جىگدە، ياڭاق، ياۋا ئۆرۈك، ياۋا ئالما، توشقان زەدىگى، ھىڭ، سورۇنجان، ئالقات، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، قانتىپەر، تاغ لەيلىسى، غۇنچە ئۈزۈم، سوقا چىلان، زاراڭزا قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ دورا ئۆسۈملۈكلىرى قىممىتى ۋە سۈپىتى يۇقىرى بولۇپ، دۇنياغا داڭلىق ئېكسپورت تاۋارلىرى ھىساپلىنىدۇ. 1992 ـ يىلى شەرقى تۈركىستاندىن دۇنياغا 9 مىليون دوللارلىق قۇلماق، 3 مىليون 160 مىڭ دوللارلىق چۈچۈكبۇيا مەلھىمى، 2 مىليون 370 مىڭ دوللارلىق چۈچۈكبۇيا، 5 مىليون 584 مىڭ دوللارلىق سامساق، 2 مىليون 600 مىڭ دوللارلىق چۈچۈكبۇيا كىسلاتاسى، 1 مىليون 560 مىڭ دوللارلىق زاراڭزا ساتقان. بۇ دورىلارنىڭ كىرىمى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بولغاچقا، يەرلىك خەلق بۇنىڭدىن قىلچە مەنپەئەتلەنمەيلا قالماستىن، دورا ئۆسۈملۈك رايونلىرى پەۋقۇلئاددە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماقتا.

شەرقى تۈركىستان يايلاقلىرىدىن قىممەتلىك دورا ئۆسۈملۈگى سوغۇگۈل ( بى مۇ ) ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ. ئىچكى خىتايدىن سوغۇ گۈل ۋە چۈچۈكبۇيا كولاپ بېيىش ئۈچۈن چىققان ئاققۇنلار پۈتۈن يايلاقلارنى قاپلاپ، قالايمىقان كولاپ ۋەيران قىلغاننى ئاز دەپ ، يەرلىك ئاھالىلارنى بۇلاپ ـ تالاپ ، ھەردائىم ۋاقە پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سانائەت قۇرۇلۇشى

يىنىك سانائىتى :

شەرقى تۈركىستاننىڭ يىنىك سانائىتى ئاساسەن ئۆزىنى تەمىنلەش باسقۇچىدا بولۇپ، دۆلەت ئىزچىل مەبلەغ سالمىغاچقا يەرلىك مالىيەنىڭ كۈچى بىلەن يېتەرلىك تەرەققى قىلالمىغان ۋە ئىلىكترلىشەلمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتايلار خام ئەشيانى ئىلىپ كىتىپ ، شەرقى تۆركىستاننى ئۆزلىرىنىڭ يىنىك سانائەت ماللىرىنى ساتىدىغان بازارغا ئايلاندۇرىۋىلىپ ، ئىشلەپچىقىرىشقا يول قويمىغان. شەرقى تۆركىستاندا تۇز ، قەنت، سوپۇن، سەرەڭگە، باتارىيە ، چايدان، هاراق، تاماكا زاۋۇتلىرى بار. شىكەر مەھسولاتى يىلىغا 283 مىڭ 900 تونىنا بولۇپ ، 1992 - يىلى چەتئەلگە 7 مىليون دوللارلىق شىكەر سىتىلغان. قەغەز مەھسولاتى 38 مىڭ تونىنا بولۇپ، 1992 - يىلى چەتئەلگە 300 مىڭ دوللارلىق قەغەز سىتىلغان.

گىلەمچىلىك فابرىكىلىرىدىن 26 سى بولۇپ، يىلىغا 150 مىڭ كىۋادرات مىتىر گىلەم چەتئەلگە سىتىلىدۇ. 1992 - يىلى گىلەمدىن 7 مىليون 690 مىڭ ئامىرىكا دوللىرى كىرىم قىلىندى. شەرقى تۆركىستان ئەنئەنىۋى گىلەمچىلىگىنىڭ مىللى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىگى، سىپتا ، چىداملىق ۋە چىرايلىق نۇسخىلىرى، كۆركەم رەڭگى، تالاسى ئۆزۈن، ئىلاستىكلىگى ياخشى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بار . ئادەتتە كەلكۈن، چاچما ، گىم، ئانارگۈل، بەش چىچەك نۇسخىلىرى دۇنياغا داڭلىق گىلەم نۇسخىلىرى ھىساپلىنىدۇ .

شەرقى تۆركىستاننىڭ قاشتېشى بويۇملىرى تارىخى ئۇزۇن ئەنئەنىۋى يىنىك سانائەت بويۇمى بولۇپ، ئاق، كۆك، قارا قاشتېشى ، زۇمرەت، سۇرمە تاش ۋە كوئىنلون قاشتېشى قاتارلىقلاردىن گۈزەل ۋە نەفىس بولغان قەدىمى ھۆرقىز ، چوپان قىز ، ئۈزۈم ئۈزۈش، كۆسەن ئۇسۇلى، دوپپا تىكىش، قۇش، ھايۋان، كۈلدان، لوڭقا ، قاچا ، رومكا قاتارلىق گۈزەل سەنئەت بويۇملىرى ئويۇپ ياسىلىدۇ . 40

نەچچە قاشتېشى كانلىرىدىن قېزىلغان قاشتېشى ئويمىچىلىق فابرىكىلىرىدا ئىشلىنىدۇ ياكى ئىچكى خىتايغا توشۇلىدۇ.

شەرقى تۈركىستاننىڭ كۆن - خۇرۇم سانائىتى، مەنبەسى مول شارائىتقا ئىگە. يىلىغا 7 مىليون پارچە ئات، كالا، قوي، ئۆچكە تېرىسى يىغىلىدۇ. يىلىغا 600 مىڭ پارچە خۇرۇم ئىشلىنىدۇ. 2 مىليون جۇۋا، 1 مىليون 600 مىڭ جۈپ ئاياق تىكىلىدۇ. ئۇنىدىن باشقا سۇغۇر تېرىسى، تۈلكە تېرىسى، ئېپار چاشقىنى تېرىسى ئىشلىنىدۇ. تېرە مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى 400 دىن ئارتۇق، ئىشلەپچىقىرىش فابرىكىلىرىنىڭ سانى 200 دىن ئارتۇق بولۇپ، يىلىغا 10 مىليون دوللارغا يېقىن كىرىم قىلىنىدۇ.

شەرقى تۈركىستاننىڭ يۇڭ، پاختا رەختلىرى، تاۋار - يىپەكلىرى، كىيىم - كېچەك، ئاياق - تۇماق، خۇرۇم بويۇم، پىچاق، ئەينەك قاچا - قۇچىلىرى، تۆگە تۇۋتىلىك چاپان - يوتقانلىرى، 720 يوللۇق زىننەت گىلەملىرى خەلقارا بازاردا ئىتتىك مەھسۇلاتلار ھىساپلىنىدۇ.

شەرقى تۈركىستاننىڭ قۇلماق ئىشلەپچىقىرىشى داڭلىق بولۇپ، يىللىق مەھسۇلاتى 5 مىڭ توننىدىن ئارتۇق. مو بېشى مەھسۇلاتى 319 كىلوگرام بولۇپ، دۇنيا بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. پۈتۈن خىتايدىكى 200 دىن ئارتۇق پىۋا (بېرا) زاۋۇتلىرى تەمىنلىنىپلا قالماي، چەتئەللەرگىمۇ سېتىلىدۇ. 1992 - يىلى 8 مىليون 790 مىڭ ئامرىكا دوللارلىق قۇلماق چەتئەلگە سېتىلغان.

## توقۇمىچىلىق سانائىتى :

شەرقى تۈركىستاندىكى توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى جەمى 79 دانە بولۇپ، سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 360 مىليون دوللارغا يەتكەن. پاختا يىپ ئىگىرىش ئۇرچۇقىدىن 1 مىليون 10 مىڭى، ئىگىرىش ماشىنىسىدىن 10 مىڭى، رەخت توقۇش ستانوكىدىن 12 مىڭى بار. بوياش، گۈل بېسىش ئىقتىدارى 157 مىليون مېتىر، يۇڭ يىپ ئىگىرىش ئۇرچۇقىدىن 110 مىڭى، يۇڭ رەخت توقۇش

ستانوگىدىن 1500 ى، يىپەك تارتىش ماشىنىسىدىن 15 مىڭى بار. تېرىلىن تالاسى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 7 مىڭ توننا بولۇپ، 1992 - يىلى چەتئەلگە 40 نەچچە مىليون دوللارلىق توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتى سېتىلغان. چەتئەللەرگە پاختا يىپ، پاختا رەخت، گۈللۈك گەزلىمە، يۇڭ رەخت، خام يىپەك، يىپەك توقۇلما، كىيىم - كېچەك، يۇڭ ئەديال قاتارلىقلار ئېكسپورت قىلىنىدۇ. 1994 - يىلى 282 مىليون مېتىر رەخت، 197 مىڭ 600 توننا پاختا يىپ توقۇلغان.

ئىچكى خىتايلارنىڭ خام ئەشيا بۇلاڭچىلىقى، بازار رىقابىتى، قاتناش قولايسىزلىقى، ھۆكۈمەت بىيوكراتلىرىنىڭ خىيانىتى ۋە تاۋار سۈپىتىنىڭ ناچارلىقى قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن % 50 توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى پالەچ ھالەتتە بولۇپ، بانكاغا قەرز، مال ئىسكىلاتتا بېسىلىپ قېلىش ئەھۋاللىرى ئېغىر بولۇپ، خام ئەشيا سېتىشتىن باشقا يول تېپىلماس ھالەت شەكىللەنگەن.

## ئېلېكتىر قۇۋۋىتى :

شەرقى تۈركىستاننىڭ ھازىرقى گېنىراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 2 مىليون 459 مىڭ 300 كىلوۋات. 1994 - يىلى بىر يىلدا تارقىتىلغان ئېلېكتىر ئېنىرگىيىسى 10 مىليارت 617 مىليون كىلوۋات سائەت. شامال كۈچى گېنىراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 4450 كىلوۋات، ئوت ئېلېكتىر گېنىراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 1 مىليون 866 مىڭ 900 كىلوۋات، سۇ ئېلېكتىر گېنىراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 86 مىڭ 600 كىلوۋات.

ئۈرۈمچى - شىخەنزە ئېلېكتىر تورىنىڭ توك كۆتۈرۈش مىقدارى 800 مىڭ كىلوۋات، تارقىتىلغان ئېلېكتىر ئېنىرگىيىسى 4 مىليارت 630 مىليون كىلوۋات سائەت.

شەرقى تۈركىستاندا 34 ئېلېكتىر توك تارقىتىش قۇرۇلۇشى بار. سىغىمچانلىقى 480 مىڭ كىلوۋات. ئۈرۈمچى، شىخەنزە، مايتاغ، قاراماي، ئاقسۇ، ئالتاي، قىران دەرياسى، ئىبنۇر كۆلى، ماناس، بارىكۆل، ئىلى، سانجى، كۈيتۇڭ، خوتەن، بۇگۇرلەردە ئوت، سۇ شامال ئېلېكتىر ستانسىلىرى بار. ماناس، تاغ ئاغزى،

قەشقەر، جىڭ قاتارلىق جايلاردا شامال كۈچى ئېلېكتىر ستانسىلىرى بار.

ئېلېكتىر ستانسىلىرى بىۋاستە دۆلەت باشقۇرۇشىدا بولۇپ، دۆلەتنىڭ سانائەت بازىلىرىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان. شۇڭا يەرلىك خەلق دۆلەتنىڭ قىممەت باھالىق ئېلېكتىر توكىنى سېتىۋېلىپ ئىشلىتىشكە مەجبۇر. بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ كەڭ يېزىلىرىدا ھازىرغىچە ئېلېكتىر توكى بولمىغاچقا، خەلق ئېلېكتىر سايمانلىرى - تېلېۋىزور، رادىئو، توڭلاتقۇ، ئۈنئالغۇ، سىئالغۇلارنى ئىشلىتەلمەيدۇ. كىنو- تىياتىرخانىلار يوق. خەلق يەنىلا قارا چىراق يورۇقىدا ياشىماقتا. ئاز ساندىكى ئېلېكتىر توكى تارتىلغان جايلاردا بولسا توك پۇلىنى تۆلىيەلمىگەن خەلق، ئېلېكتىر كېسىۋېتىلگەچكە يەنىلا قاراڭغۇدا ياشىماقتا.

## نېفىت سانائىتى :

شەرقىي تۈركىستان خەلقى مىلادىدىن 1300 يىل بۇرۇنلا نېفىتتىن پايدىلانغان. 1897 - يىلى تۈنجى نېفىت كانى مايتاغدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ 910 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىنىدا ئەڭ قېلىنلىقى 10 مىڭ مېتىردىن ئاشىدىغان نېفىت ھاسىل بولۇش چۆكمە يەرقاتلىمى بار. شۇنىتسارىيىنىڭ سىيورىخ ئا . گ . بىرلەشمە شىركىتىنىڭ 7 يىللىق نەق مەيدان ئومۇمىي تەكشۈرۈشىدىن كېيىنكى خۇلاسىدا: پەقەت تارىم ئويمانلىقىنىڭ « ھالاكەت دېڭىزى » دەپ ئاتالغان تەكلىماكان چۆللىگىنىڭ يەر ئاستىدا نېفىت زاپىسى 50 مىليارت توننا، تەبىئىي گاز زاپىسى 8 تىرىلىئون كۇپ مېتىر بولغان بايلىق بارلىقى ئىلان قىلىندى. بۇ نېفىت دۇنيا نېفىت زاپىسىنىڭ 3 تىن 1 قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ گاز ئامېرىكانىڭ زاپاس گاز مىقدارىنىڭ 2 ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ. خىتايلارنىڭ 300 يىل ئىشلىتىشگە يېتىدۇ . بۇ پەقەت بىر نېفىت رايونىنىڭلا ئەھۋالى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ 500 دىن ئارتۇق رايونىدىن نېفىت چىقىدۇ. 20 نەچچە رايوندىن نېفىت گازى چىقىدۇ. نېفىتلىك يەر مەيدانى ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
uyghurkitap.com

پۈتۈن يەر مەيدانىنىڭ ژىغىندىسىدىنمۇ ئارتۇق. ھازىر پەقەت قارىماي، ئاقبۇلاق، قىزىلتاغ، كۆكيار، ئۈچكىلىك قاتارلىق بەش نېفتلىكتىنلا يىلىغا 15 مىليون توننا نېفت ماشىنا، پويىز، ئۇچاق، تىروبا يولى ئارقىلىق ئىچكى خىتايغا توشۇلىۋاتىدۇ.

شەرقى تۈركىستاندا خىتاي دۆلىتىگە قاراشلىق نېفت باشقۇرۇش ئىدارىسى، تارىم نېفتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى، تۇرپان - قومۇل نېفتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى، شىمالى تارىم نېفت گاز تەكشۈرۈش قوماندانلىق شتابى، غەربى شىمال نېفت گېئولوگىيىسى ئىدارىسى، ئۈرۈمچى مېفىا - خىمىيە سانائەت باش زاۋۇدى، جۇڭگو نېفت - تەبىئى گاز ترانسپىرت شىركىتى قاتارلىق نېفت ئورگانلىرى بار. شەرقى تۈركىستان نېفتلىكى تېخىچىلا تەكشۈرۈش - ئېچىش باسقۇچىدابولۇپ، ھازىر پۈتۈن ئىچكى خىتاي شىركەتلىرى ئۆزى ئېچىپ، ئۆزى يۆتكەپ كېتىش، چەتئەل شىركەتلىرىگى كۆتىرە بېرىشتەك بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش جېڭىنى باشلىۋەتتى.

1992 - يىلى تارىم نېفتلىگىدىكى بىرلا شىركەت 84 قۇدۇقنى بۇرغىلىغان. بۇنىڭغا 45 بۇرغىلاش ستانوگى قاتناشقان بولۇپ، 40 ستانوگ ئىچكى خىتاي ئۆلكىلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن. بۇنىڭ كۆپ قىسمى 6 مىڭ مېتىردىن يوقىرى بۇرغىلاش ستانوكلىرىدىندۇر.

تۇرپان - قومۇل نېفتلىگىنىڭ كۆلىمى 2 . 67 كىۋادرات كىلومېتىر، نېفت زاپىسى 25 مىليون توننا، 234 قۇدۇق بۇرغىلانغان. ئايلىق بۇرغىلاش سۈرئىتى 2499 مېتىر، جەمى 45 ئەترەت بۇرغىلاشقا قاتناشقان. كۈنلۈك مەھسۇلاتى 2400 توننا.

مەكىت رايونىدىكى تەكشۈرۈشتە، 4 مىڭ مېتىرلىق تاشكۆمۈرسىستېمىسىدىن كۈنىگە 16 كۇپمېتىر نېفت، 86 كۇپمېتىر تەبئى گاز ئېتىلىپ چىقىپ كونترول قىلالماي بىر يېزىنى ئېگەللىگەن.

ئوتتۇرا تارىم 4 - قۇدۇقنىڭ 1 - گورۇپپىسىنىڭ تاشكۆمۈرسىستېمىسىدىن كۈنىگە 78 كۇپمېتىر نېفت، 60 مىڭ كۇپمېتىر تەبئى گاز چىققان. 3 - گورۇپپىسىدىن كۈنىگە 285 كۇپمېتىر نېفت، 53 مىڭ كۇپمېتىر تەبئى گاز چىققان.

1992 يىلى ئۈرۈمچى نېفىا خىمىيە سانائىتى زاۋۇدى 2 مىليون 68 مىڭ توننا

نېفتنى پىششىقلاپ ئىشلىگەن. 1 مىليون 311 مىڭ توننا يىنىك ماي ئىشلەپچىقارغان. 9200 توننا پولى پىروپىلىن ، 330 مىڭ توننا سىنتېتىك ئامىياك ، 570 مىڭ توننا ئۈرىيە ئىشلەپچىقارغان. 15 مىليون توننا سۇلىياۋ خالتا توقۇغان. بىر يىلدا 180 مىليون دوللارلىق كىرىم قىلغان.

ختاي تىرانسپورت شىركىتىنىڭ 1992 ـ يىللىق يۈك ئوبورت مىقدارى 571 مىليون 390 مىڭ توننا ـ كىلومېتىر بولۇپ، بۇ سانىنىڭ ئەڭ ئاز ھېساپلىغاندا 190 مىليون توننىسى شەرقى تۈركىستاندىن ئىچكى ختايغا توشۇغان خام نېفت بايلىقى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ختاي نېفت مىنىستىرلىگىنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا توشۇپ كېتىلىۋاتقان بۇ نېفتنىڭ 1 كىلوگرامىمۇ شەرقى تۈركىستانلىق ئىگىلىرىگە بېرىلمەيدۇ. شەرقى تۈركىستانلىق قورچاق رەئىسنىڭ نېفت رايونىغا روخسەتسىز كىرىش ياكى بىر قاچا نېفت ئېلىش ھوقوقى يوق . بېيجىڭدىن شەرقى تۈركىستان نېفتىنىڭ بېجىدىن 1% ـ 2 % نى تەلەپ قىلىشقىمۇ يول قويۇلمايدۇ. شەرقى تۈركىستاننىڭ 70 % يېزىلىرىدا ھېلىغىچە ئېلېكتىر بولمىغاچقا جىن چىراق ( كىرسىن لامپا ) ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما بېنزىن ۋە كىرسىننىڭ باھاسى ئىچكى ختايدىكىدىنمۇ قىممەت . نېفت ئۆزىدىن چىقسىمۇ ، كىرسىننى ختايدىن سېتىۋالىدۇ .

## كۆمۈر :

شەرقى تۈركىستاننىڭ 133 رايونىدا كۆمۈر بار. ئومۇمى كۆمۈر كۆلىمى 90 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، ئەرەپ بىرلەشمە خەلىپىلىگىنىڭ يەر مەيدانىدىنمۇ چوڭ. شەرقى تۈركىستاندىكى 500 دىن ئارتۇق كۆمۈر كانلىرىدا 100 مىڭغا يېقىن كۆمۈر ئىشچىسى ئىشلەيدۇ .ختاي دولەت باشقۇرۇشىدىكى كۆمۈر كانلار يېرىم ئېلېكتىرلەشكەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىشلەيدىغان كۆپ ساندىكى كىچىك تىپتىكى كانلاردا ئىپتىدائى شەكىلدە كۆمۈر ئېلىنىدۇ. شەرقى تۈركىستان

ئۇيغۇرلىرى مىلادى 220 - يىللاردىلا كۆمۈر قېزىشقا باشلىغان. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىر مەلۇم بولغان كۆمۈر زاپىسى 1 تىرىلليون 200 مىليارت توننا بولۇپ، ئۈرۈمچى رايونى كۆمۈر كۆلىمى 9800 كىۋادرات كىلومىتىر، ئىلى رايونى كۆمۈر كۆلىمى 3600 كىۋادرات كىلومىتىر، ئۇندىن باشقا قومۇل، پىچان، كۇچار، ئاقسۇ، يېڭىسار، كانسۇ، بورىتالا، كەلپىن رايونلىرىدىمۇ مول كۆمۈر زاپىسى ساقلانماقتا.

1994 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا قېزىلغان كۆمۈر 26 مىليون 332 مىڭ توننا بولۇپ، 8 مىليون 309 مىڭ توننا كۆمۈر ئىچكى خىتايغا يۆتكەلگەن. پەقەت كەڭسۇ ( گەنسۇ ) ئۆلكىسىگىلا 2 مىليون 245 مىڭ 100 توننا كۆمۈر توشۇپ كېتىلگەن. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كانىدىن 7 سى بولۇپ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 3 مىليون 420 مىڭ توننا، قومۇل ئوچۇق كانىنىڭ يىللىق مەھسولاتى 1 مىليون 800 مىڭ توننا. بويا ئوچۇق كانىنىڭ يىللىق مەھسولاتى 300 مىڭ توننا بولۇپ كۆمۈر زاپىسى 14 مىليون 590 مىڭ توننا. ئۈرۈمچى تۇدۇڭخابا كۆمۈر كانىنىڭ زاپىسى 1 مىليارت 544 مىليون توننا. شەرقىي تۈركىستاننىڭ يىللىق كوكوس ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1 مىليون 785 مىڭ توننا.

شەرقىي تۈركىستان كۆمۈرىنىڭ سۈپىتى بەك يۇقىرى بولۇپ، كاربون، پىرىم، يۇرا دەۋرلىرىگە مەنسۇپ.

## پولات - تۆمۈر :

شەرقىي تۈركىستاندا 600 دىن ئارتۇق رايوندا تۆمۈر كانى بار. 12 چوڭ كانىنىڭ زاپىسى 1 مىليارت توننا. 1994 - يىلىدىكى مەلۇماتتا: 663 مىڭ 900 توننا پولات، 577 مىڭ 100 توننا پولات ماتىرىياللىرى، 462 مىڭ 500 توننا چويۇن، 588 مىڭ 500 توننا تۆمۈر رودىسى، 4200 توننا تۆمۈر قېتىشمىسى، 33 مىڭ 200 توننا ئوتقا چىداملىق ماتىرىياللار، 423 مىڭ 500 توننا كوكوس ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى

مەلۇم قىلىنغان.

قاراشەھەر ، يامانسۇ ، ئۈرۈمچى 2 ـ ، سەكرەپ ئىلگىرىلەش، پۇكاك، قومۇل، ئىلى پولات زاۋۇتلىرى ، ئۈرۈمچى ئوتقا چىداملىق ماتىرىياللار زاۋۇدى، شىنلۇك قىتىشما تۆمۈر چەكلىك شىركىتى قاتارلىق زاۋۇتلار بار . ئۈرۈمچىدىكى 1 ـ ئاۋغۇست پولات زاۋۇدىنىڭ 350 كۇپمېتىرلىق دومناپېچى بار، 50 مىڭ ۋە 20 مىڭ كۇپمېتىرلىق ئىككى كۆمۈر گازى ئامبارى بار. يىللىق مەھسۇلاتى 230 توننا چويۇن

ئۇندىن باشقا موگغۇلكۈرە، قاراشەھەر قاتارلىق 6 جايدىن مانگان چىقىدۇ. پىرولىيورت، پىسلومىلان، رودوق روزىتلارنىڭ رودا تەركىۋى % 36 گە يېتىدۇ. خىرومىت بىلەن ئولتىرانىڭ زاپاس مىقدارى 735 مىڭ توننا، تەركىۋى 36% بولغان ۋانادى، تىتان كانلىرى بار .

رەڭلىك مىتال :

ئالتۇن ـ شەرقى تۈركىستاننىڭ 56 ناھىيىسىنىڭ 270 جايىدىن ئالتۇن چىقىدۇ. ئالتۇن كانلىرى خىتاي مەمۇرلىرى ۋە ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىنغان بولۇپ، پەقەت ئالتاي، قابا، كۆكتوقاي، تارباغاتاي، قزمۇل، تۇرپان، ئىلى، سانجى قاتارلىق جايلاردىكى ئالتۇن كانلىرىنىڭ 1992 ـ يىلى ۋەزىپىسىنى % 8. 138 ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغانلىقىدىن باشقا مەلۇماتلار ئىزچىل ھالدا مەخپى تۇتۇلماقتا. بىر خەۋەردە سارىبۇلاقتىكى بىر ئالتۇن كانىدىن يىلىغا 10 مىڭ سەر ئالتۇن قازغانلىقى خاتىرىلەنگەن. قابا، كۆكتوقاي ناھىيىلىرى يىلىغا 10 مىڭ سەر ئالتۇن قازىدىغان ناھىيەلەردۇر. بېيجىڭدىكى ئالتۇن باش ئىدارىسى تەرىپىدىن بىۋاستە باشقۇرىلىۋاتقان بۇئالتۇن كانلىرىنىڭ مەھسۇلاتى ـ شەرقى تۈركىستاننىڭ ئالتۇنلىرى ھىساۋاتسىز مەخپى ھالدا ئۇدۇل بېيجىڭگە توشىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردا ئالتۇن قېزىشنى تىزلىتىش مەقسىدىدە ئىلىپ بېرىلغان سەپەرۋەرلىكلەر نەتىجىسىدە، ئىچكى خىتايدىن يۆزمىڭلىغان ئالتۇن قاراقچىلىرى ئېقىپ چىقىپ ئالتۇن كان رايونلىرىغا تەرتىپسىز

ئورۇنلۇشۇپ، قالايمىقان قېزىپ، ئۆزئارا تالىشىپ، يەرلىك خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ ـ تالاپ قانلىق ۋەقەلەرنى سادىر قىلماقتا. ئاتالمىش شىركەتلەر شەرقى تۈركىستاننىڭ كان بايلىقلىرىنى قانۇنسىز ئىگەللەپ ئالماقتا ۋە چەتئەللىكلەرگە ساتماقتا.

مىس ـ نىكىل ــ شەرقى تۈركىستاننىڭ 26 جايىدىن مىس چىقىدۇ. 1992 ـ يىلى قېزىلغان مىس 74 مىڭ 40 تونىنا، نىكىل 6600 تونىنا دەپ ئېلان قىلىنغان.

ئالىيومىن ــ 1992 ـ يىلى كۆكتۇقاي ئالىيومىن زاۋۇدى ئىشلەپچىقارغان ئالىيومىن نوكچىسى 2213 تونىنا، ئۈرۈمچى ئالىيومىن زاۋۇدى ئىشلەپچىقارغان ئالىيومىن نوكچىسى 13 مىڭ 843 تونىنا، ئالىيومىن چوكىسى 1924 تونىنا، ساپ ئالىيومىن 1448تونىنا دەپ ئېلان قىلىنغان.

قوغۇشۇن ــ شەرقى تۈركىستاننىڭ 140 نەچچە جايىدىن قوغۇشۇن، سىنىك چىقىدۇ. ئۇندىن باشقا نىكىل، مولىبدىن، ۋولفىرام، كوبالىت كانلىرى بار. 130 نەچچە جايىدىن بېرىلى لىيتى، تانتال، نىئوبىي، سېزىي، قاتارلىق ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار چىقىدۇ. شەرقى تۈركىستاندا 30 تونىنا ئېغىرلىقتىكى بىرىل كىرىستالى، 12 تونىنا ئېغىرلىقتىكى پوللوست كىرىستالى تېپىلغان. هازىرغىچە 600 دىن ئارتۇق جايدا ئاز ئۇچرايدىغان مېتال زاپىسى بارلىقى ئېنىقلانغان.

ئوران ــ ئىلى رايونىنىڭ تالدى تاغ جىلغىسىدىكى ۋە يەركەندىكى ئوران كانلىرىدىن ئوران رودىسىنى قېزىپ توشۇپ كېتىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى 115 ـ زاۋۇت ـ مەخسۇس ئوران پىششىقلاش بۆتكەش زاۋۇدىدۇر.

لېتىلىق تۇز ــ شەرقى تۈركىستاننىڭ 40 تىن ئارتۇق رايونىدا تۇز كانى بار، پەقەت كۇچاردىكى تۇز زاپىسلا دۇنيانىڭ مىڭ يىل ئىشلىتىشىگە يېتىدۇ.

## ماشىنىسازلىق ـ ئېلېكترون سانائىتى :

شەرقى تۈركىستاننىڭ ماشىنىسازلىق ـ ئېلېكترون سانائىتى ئېچىش باسقۇچىدا بولۇپ، خىتايلار ئۇزۇن يىللاردىن بويان، خام ئەشيا ئېلىش، سانائەت بويۇملىرىنى

ستىش ئۇسۇلى بىلەن تەرەققى قىلدۇرمىغان ئىدى. كېيىنكى يىللاردا تىراكتور، كومباين، ئوت ئورۇش ماشىنىسى، يۇڭ قىرقىش ماشىنىسى، قاتارلىق يىزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەرەققى قىلىپ، ماشىنا، ساقىلىق قازان، ھەرخىل ستانوك، پاياتلاش ماشىنىسى، قوياش ئىنىرگىيە چىرىقى قاتارلىق 210 خىلدىن كۆپ مەھسولاتلار ختايغا ۋە چەتئەللەرگە ستىلدى. 120 چوڭ تىپتىكى ماشىنسازلىق - ئىلىكترون سانائىتى زاۋۇتلىرىنىڭ 1992 - يىللىق ئومۇمى كىرىمى 250 مىليون دوللارغا يەتكەن. بۇ زاۋۇتلار ھەممىسى دۆلەتنىڭ بولۇپ، پايدا مەركەزنىڭ چۆنتىگىگە كىرىدۇ.

بىناكارلىق سانائىتى :

شەرقى تۈركىستاندا 1994 - يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان سىمونت 4 مىليون 483 مىڭ توننا بولۇپ، 1992 - يىلى 121 كىلومىتىر سىمونت بىسىم تىروبىسى، 88 مىڭ تال سىمونت ستولبا، 344 مىڭ 300 كۇپمىتىر سىمونت ياسالما، 806 مىڭ 500 ساندۇق تاختا ئەينەك، 160 مىڭ تازىلىق فار - فۇرى، 202 مىڭ 800 كۋادرات مىتىر خىش، 66 مىڭ 100 توننا تاشپاختا، 1 مىليون 226 مىڭ 900 يۆگەم ماي قەغەز، 66 مىڭ كۇپمىتىر كۆپۈكلۈك بىتون ياسالغان. بۇلار پەقەت ئىھتىياج نۇقتىسىدىن ياسالغان بولۇپ، خام ئەشيا زاپىسىغا نىسپەتەن ئېيتقاندا ، ھىساپسىز بايلىق كىرەكسىز مالدەك دۆۋىلىنىپ ياتىدۇ.

شەرقى تۈركىستاندا 10 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە ۋە 2 مىليوندىن ئارتۇق ئەسكەر، ئىش ئەسكەرلىرى جەمى 17 شەھەر ۋە 146 بازاردا ئولتۇراقلاشقان. بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى كۆچمەنلەر ئىھتىياجىغا ۋە تىجارەت مەقسىدىگە ئۇيغۇن ھالدا قالايمىقان سىلىندۇ. كېچەيتىش ئورنىغا مەقسەتلىك ھالدا « كالىفورنىيە تاكتىكىسى » قوللىنىلىپ يەرلىك ئاھالىلارنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل باغ قورا - جايلىرى بۇزۇپ چىقىلىپ ، ئاھالە تارقاقلاشتۇرۇش، ئورنىغا ئىگىز بىنا سىلىپ كۆچمەنلەرنى كۆچۈرۈش سىياستى ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇي ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ ،

يەرلىكلەرنىڭ ئۆي - مۈلۈكلىرى تارتىۋېلىنغان. ئېلىكتىر، سۇ يولى، ئىسسىقلىق ئەسلىھەلىرى بولغان شەرقى تۈركىستان ئۆيلىرىنىڭ 97% دە خىتايلار ئولتۇراقلاشقان.

خىمىيە سانائىتى :

شەرقى تۈركىستاندا 153 خىمىيە سانائەت زاۋۇدى بار. 1992 - يىلى ئامىياك، ئۇربىيە، گۈڭگۈرت كىسلاتاسى، تۇز كىسلاتاسى، ئۇيغۇچى ناترى، نايلون ياسالما، نايلون يوپۇق قاتارلىقلاردىن 250 مىليون دوللار كىرىم قىلىنغان. 346 مىڭ توننا خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقارغان. سېرىق يار يىلىم، ئېلاستىكلىقنى ئاشۇرۇش خورۇجى، كاربوكسىل سىللولوزا، رېزىنكە، پارقازان، بالون، ئېتىلىن، ساپ شۇلتا قاتارلىق مەھسولاتلار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ ۋە ئىچكى خىتايغا توشۇلىدۇ.

ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، لوپنۇرلاردىكى تەبىئى فوسفور كانى، گۇمادىكى تەبىئى گۈڭگۈرت كانى، نىيە، ئۇلۇغچات، ماناسلاردىكى پىرىت كانى، تۇرپان، ئۇلۇغچاتلاردىكى 200 دىن ئارتۇق تۇز كانى، ئۈرۈمچىدىكى مايلىق سلانتس كانى، باي، غۇلجىلاردىكى بارىت كانى، تەڭرىتاغنىڭ كۇمۇش ۋە ئېغىزلىرىدىكى سېرپېنتىن تاشپاختا كانلىرى، سىمونت ھاك تېشى، سىمونت سلانتس كانلىرى، 133 يەردىكى سىليودا كانلىرى، پىچان، گۇچۇڭ، بۇگۇر قاتارلىق 160 نەچچە يەردىكى كرىستال كانلىرى، خوتەن، چەرچەن، ماناسلاردىكى قاشتېشى كانلىرى....... خىمىيە سانائىتىنىڭ تۈگىمەس خام ئەشيا كانلىرىدۇر.

قاتناش - ترانسپورت سانائىتى :

شەرقى تۈركىستاننىڭ ھېساپسىز خام ئەشيا بايلىقلىرىنى توشۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى - لەنجۇ لىنىيىسىدە 1مىڭ 200 كىلومىتىر

مۇساپىلىق « پولات ئەجدەرها » ماركىلىق تۆمۈر يولىنى 1963 - يىلى ئىشقا سالدى. بۇ لىنىيە 1984 - يىلى ئۈرۈمچىدىن كورلىغا ، 1992 - يىلى ئۈرۈمچىدىن ئالاتاۋ ئارقىلىق قازاقىستاننىڭ ئالمائاتا شەھىرىگە ئۇزارتىلدى. 1992 - يىلى بىر يىل ئىچىدە شەرقى تۈركىستانغا خىتايدىن توشۇغان كۆچمەن خىتاي سانى 1 مىليون 246 مىڭ ئادەم. يۈك 18 مىليون 897 مىڭ تونىنا، پويىزدا توشۇلغان كۆمۈر 4 مىليون 358 مىڭ تونىنا. نېفىت 5 مىليون 546 مىڭ تونىنا بولۇپ ، شۇ يىلى قوش رېلىس ياتقۇزۇلۇپ بۇ سانلار بىر ھەسسە ئاشتى. يىللىق ترانسپورت كىرىمى 125 مىليون دوللار بولغان.

شەرقى تۈركىستان تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ 50 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى بولۇپ پەقەت 2600 نەپىرى يەرلىك مۇسۇلمان خەلق. بۇ % 7 . 7 نى تەشكىل قىلىدۇ.

شەرقى تۈركىستاننىڭ ئاپتوموبىل قاتناش لىنىيىسى مۇساپىسى 22 مىڭ 500 كىلومىتىر بولۇپ، بۇنىڭ يېرىمى ئاسفالت يول. يولدا مىڭدىن ئارتۇق كۆۋرۈك بار. قاتناش ئاپتوموبىلى يۈزمىڭدىن ئارتۇق. يولوچى توشۇش ئاپتوموبىلى مىڭدىن ئارتۇق.

شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇچاق قاتنىشىنىڭ ئۇچۇش سائىتى 20 مىڭ سائەتتىن ئوشوق. « 86 - ئۇ » ؛

« 154 - تۇ » ئۇچاقلىرى بار. ئىچكى خىتايغا تۆرت، چەت ئەلگە يەتتە لىنىيە ئۇچۇش يولى بار. جەمى 11 قاتناش ئۇچاق مەيدانى بار. 100 گە يېقىن كەسپى ۋە ھەربى ئۇچاق مەيدانى بار. ھەپتىلىك ئىچكى نۆۋەتچى ئۇچاق 70 نەچچە ئۇچاق قېتىم. خەلقارا ھەپتىلىك نۆۋەتچى ئۇچاق 26 ئۇچاق قېتىم. ئەڭ ئۇزۇن ئۇچۇش يول لىنىيىسى 4 سائەتلىك .

شەرقى تۈركىستاندىكى قاتناش ئاساسەن ئىچكى خىتايغا خام ئەشيا توشۇش ۋە ئىچكى خىتايدىن كۆچمەن توشوش ۋەزىپىسىگە ماسلاشقان بولۇپ، كەڭ يەرلىك خەلق تىخىچە ئىپتىدائى ئىشەك ھارۋىلىرىنى ئاساسلىق قاتناش قۇرالى سۈپىتىدە قوللانماقتا. يوللار بولسا ئىپتىدائى كارۋان يوللىرىدۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 5 ـ باپ شەرقى تۈركىستاننىڭ مىللى مەدەنىيىتى

دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ۋە تۈرك ئالىمىنىڭ ئەڭ قەدىمى ئالتۇن بۆشۈگى ـ شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى تۈركىستان زېمىنىدا كۈچلۈك ھاكىمىيەتلەرنى قۇرۇپ پارلاق « يايلاق مەدەنىيىتى» ۋە « تۈنجى شەھەر مەدەنىيىتى » نى ياراتقان. ئاۋروپا بىلەن ئاسىيانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان يىپەك يولىنى ئېچىپ باشقۇرۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دىھقانچىلىق، قول سانائىتى، سودا ـ تىجارەت بىلەن شوغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ ماددى مەدەنىيىتىنى يارىتىش بىلەن بىرلىكتە، ئەجداتلىرى تورالار، ھۇنلار، ساكلار دەۋرىدىن شەكىللەنگەن شانلىق تارىخى ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇيغۇرلار تارىختا 500 قېتىمدىن ئارتۇق ياتلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان، 56 قېتىم بۈيۈك كۆچ قىلغان، 5 خىل دىنغا ئېتىقات قىلغان، 26 خىل يېزىق ئىشلەتكەن، 17 خىل تىل قوللانغان. بۇ جەرياندا تا بۈگۈنگە قەدەر ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى ، تىلىنى ، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قوغداپ ۋە بېيىتىپ داۋاملاشتۇرماقتا.

## ئۇيغۇر مائارىپى

ئۇيغۇرلار مىلادىدىن ئىلگىرى شامان دىنىغا ئېتىقات قىلغان دەۋرلەردىلا ئېپتىدائى مائارىپنى باشلىغان. مىلادى 762 ـ يىلى ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندا ، ھەر ئون ئۆيلۈككە بىردىن راھىپ بەلگىلەپ مەكتەپ ئاچقان. ئورخون مائارىپى ۋە ئورخون بىناكارلىق سەنئىتى، ئۇيغۇر كالىندارى، تۇتىم، رىۋايەتلەر مائارىپنىڭ ئاساسىنى ئىگەللىگەن. ئىدىقۇت ھاكىمىيىتىنىڭ مائارىپى دۇنيا بۇددىزىم مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ياراتقان بولسا ، قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنىڭ مائارىپى ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ياراتقان ئىدى.

ئاتاغلىق ئوقۇتقۇچى كومىراجىۋا (344 - 413) ، ئاتاغلىق پەيلاسوپ فارابى ، تىلشوناس مەھمۇت قەشقەرى ، پەيلاسوپ ۋە دۆلەت ئادىمى يۈسۈف خاس ھاجىپ قاتارلىقلار ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇستازلىرى ئىدى. سەئىدىيە دەۋرىنىڭ گۈللىگەن مائارىپ پىشۋالىرىدىن ئابدۇرىشىتخان ، يۈسۈف قىدىرخان ، ئامانىيساخانلار دۇنياغا بىلىم تارقاتقان داڭلىق مەدرىسىلەرنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئىدى. 1885 - يىلى ھۈسەن باي مۇساباي (1844 - 1926) ، باھاۋۇدۇن باي (1851 - 1928) ، تاش ئاخۇن، موسۇل ھاجى، ۋاھىت ھاجىلار يېڭىچە پەننى مەكتەپ ئاچتى. 1916 - يىلى سانائەت ، بوغالتىرلىق كەسپى تېخنىكوملىرى قۇرۇلدى. 1933 - يىلى شەرقى تۈركىستاندا 2463 باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئوقوغۇچى سانى 190 مىڭغا يەتكەن. 13 ئالى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغان.

1949 - يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىستىلاسىدىن كېيىن ، كوممۇنىزىم تەربىيىسى ئاساس قىلىنغان مائارىپ سىستېمىسى شەكىللەندى. كوممۇنىستلار 20 يىل ئىچىدە تورت قىتىم يەرلىك زىيالىلارنى قىرغىن قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، بىلىملىك كىشىلەرنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن ئۆلتۈردى، تۈرمىگە ئالدى، يېزىغا سۈرگۈن قىلدى، قالپاق كىيگۈزۈپ مەجبۇرى ئىشلەتتى. مائارىپ ساھەسىدە جاللات ۋاڭ جىننىڭ قانلىق سىياسىتىدىن كېيىن ھىلىگەر سۈيىقەستچى ۋاڭ ئىنماۋ ئاشكارا ھالدا كۆچمەن خىتايلارغا ئەڭ ياخشى تەربىيەلىنىش شارائىتى يارىتىپ بېرىش، يەرلىك خەلقنىڭ بىلىملىك بولۇپ قىلىشىدىن ساقلىنىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، مائارىپتا زامانىۋى خىتاي مەكتەپلىرى بىلەن ۋەيرانە يەرلىك مەكتەپلەر سىلىشتۇرمىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، خەلقنىڭ قارشىلىقىغا سەۋەپچى بولدى.

ئامېرىكىدا ھەر 10 مىڭ كىشىگە 269 ئالى مەكتەپ ئوقوغان، قازاقىستاندا ھەر 10 مىڭ كىشىگە 157 ئالى مەكتەپ ئوقوغان، ئۆزبەكىستاندا ھەر 10 مىڭ كىشىگە 174 ئالى مەكتەپ ئوقوغان كىشى توغرا كەلسە، شەرقى تۈركىستاندا ھەر 10 مىڭ كىشىگە 10 ئالى مەكتەپ ئوقوغان كىشى توغرا كېلىدۇ.

شەرقى تۈركىستاندا ئۈيغۇلىنىۋاتقان مائارىپ سىياسىتىنىڭ مۇسۇلمانلارغا يۈرگۈزىۋاتقان نادانلاشتۇرۇش، كوممۇنىستلاشتۇرۇش پاجىئەسىنى خىتاي

www.uyghurkitap.com

دائىرىلىرى ئېلان قىلغان تۆۋەندىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتتىن ئېنىق كۆرۈۋ ئالالايمىز.

شەرقى تۈركىستاندىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى سىلىشتۇرمىسى (1992 - يىل)

| مەكتەپلەر | يەرلىك ئوقۇتقۇچى سانى | يەرلىك ئوقۇغۇچى سانى |
|---|---|---|
| ئالى | 2701 | 18642 |
| ئورتا | 33964 | 403004 |
| باشلانغۇچ | 61906 | 1430511 |

ئالى ، ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپ يەرلىك ئوقۇغۇچى نىسپىتى

| مەكتەپلەر | 1950 - يىلى | 1992 - يىلى |
|---|---|---|
| ئالى ، تېخنىكوم | 91% | 58% |
| ئورتا مەكتەپ | 80.32% | 39.55% |
| باشلانغۇچ | 92% | 65.68% |

## يەرلىك مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى نىسپىتى

| مەكتەپلەر | 1950 - يىلى | 1992 - يىلى |
|---|---|---|
| ئالىي ، تېخنىكوم | 39% | 34% |
| ئورتا مەكتەپ | 76% | 40% |
| باشلانغۇچ | 88% | 60% |

يۇقىرىدىكى قورقۇنچلۇق سېلىشتۇرما شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ كوممۇنىستلار كېلىشتىن ئەۋەلقى قالاق مائارىپ نىسپىتىنىڭ ئىلگىرىلەشىنىڭ ئەكسىچە ناھايىتى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇلار تارىختىن بويان ، ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئالىي بىلىم مەركەزلىرىدە چەتئەل تىللىرىدىن ئەرەپچە، فارسچە، ھىندىچە، خىتايچە، روسچە، گېرمانچە، ئىنگلىزچە، ياپونچە قاتارلىق تىللارنى ھەمدە قېرىنداش تۈرك قەۋملىرىدىن قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك، تاتار، تۈركمەن، ئازار، ئانادول تۈركلىرىنىڭ تىللىرىنى ئۆگىنىپ، يىپەك يولىدىكى تىجارەت ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن چەتئەللەرگە چىقىپ ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. بىر ئەسىر ئەۋۋەللا قاھىرە، مەككە، ئىستانبۇل، موسكۋا، دېھلىلارغا ئوقۇغۇچى چىقارغان ئۇيغۇرلار، 1920 - يىللاردىن كېيىن قاھىرە، ئىستانبۇل ، تاشكەنت، ئەنجىگلەرگە كوللىكتىپ ئوقۇغۇچى چىقىرىشقا باشلىغان.

بۈگۈن خىتاي ئۇنىۋېرسىتلىرىدا خىتايلار بىلەن بىللە ئىمتىھانغا كىرىپ نەتىجە قازىنىپ خىتاينىڭ چوڭ ئۇنىۋېرسىتلىرىدا ۋە چەتئەللەردە مىڭغا يېقىن شەرقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈركىستانلىق ياش بىلىم ئالماقتا. ئىستانبۇل، قاھىرە، ئىسلامئابات، تاشكەنت، ئالمائاتا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ۋە روسىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيەلەرنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ياشلىرى ئۆزخىراجىتى بىلەن بىلىم ئېلىپ ۋەتىنىنىڭ كەلگۈسى ھۆررىيىتى ئۈچۈن ھازىرلانماقتا. قازاقىستان، ئۆزبەكىستان، قىرغىزىستان، ئەرەبىستان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى شەرقى تۈركىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ 30 مىڭغا يېقىن بالىلىرى ھەر دەرىجە مەكتەپلەردە، ھەرخىل تىل ۋە ھەرخىل كەسپلەردە ئوقۇپ بىلىم ئالماقتا.

## ئۇيغۇر تىل ۋە يېزىقى

ئۇيغۇر تىلى ـ ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈرك تىل ئائىلىسى غەربى ھون تىل تارمىقى ئۇيغۇر- قارلۇق تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، شەرقى تۈركىستاندىكى ۋە چەتئەللەردىكى30 مىليونغا يېقىن ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ بۈگۈن قوللىنىۋاتقان تىلىدۇر. مىلادى 5 ـ ئەسىرلەردە خاتىرىلىنىشكە باشلىغان ئۇيغۇرتىلى ھۇن ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىن باشلاپ گۆكتۈرك، ئورخون، قاراخانىلار، ئىدىقۇت، كەڭسۇ دۆلەتلىرىدە دۆلەت تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلغان، قاراخانىلار دەۋرىدە خاقانىيە تىلى، سەئىدىيە دەۋرىدە چىغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، پۈتۈن تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىنىڭ مۇكەممەل فونېتىكا، گىراماتىكا ۋە لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاساسەن ئەينەن ساقلاپ قالغان بولۇپ بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلىنى شەكىللەندۈرگەن.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلى قەشقەر، ئاقسۇ، قومۇل، تۇرپان، ئىلى ۋە ئۈرۈمچى شىۋىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەركىزى دىئالېكت ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۈرۈمچى تەلەپپۇزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېتەكچى تەلەپپۇزى ھىساپلىنىدۇ. ھازىر بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لوغىتى»، «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لوغىتى» نەشر قىلىندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا يەنە سانسكرت، توخرى، سوغدى، ئىفتالىت، ھىندى، خىتاي، موڭغۇل، ئەرەپ ، فارس تىلى قاتارلىق 17 خىل تىلنى ئېھتىياجىغا قاراپ ئىشلەتكەنلىكى تارىخى خاتىرىلەردە قەيت قىلىنغان. ئەمما ھېچبىر دەۋر ئۆز تىلىنى ئۆزۈپ قويمىغان.

ئۇيغۇر يېزىقى ـ ئارخېئولوگىيىلىك يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا مىلادى 5 ـ ئەسىردە ئىشلىتىلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ئەمما بەزى رىۋايەتلەرگە كۆرە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بۇرۇن ئىجات قىلىنغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. چۈنكى مىلادىدىن بۇرۇنقى 49 ـ يىلى ئەجداتلىرىمىز تەرىپىدىن دۇنيادا تۇنجى قىتىم ( سەيلون بىگىم قەغىزىدىن 150 يىل بۇرۇن ) ئىشلەنگەن لوپنۇر چىگە تالالىق ياپراق قەغەز ئەلۋەتتە يېزىقىمىزنى خاتىرىلەش ئېھتىياجىدىن ئىشلەنگەنلىكىنى ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن .

ئۇيغۇرلار تارىختا كۆپ خىل تىل قوللانغىنىغا ئوخشاش ، ئەرەم يېزىقى سىستېمىسى، بىراھمى يېزىقى سىستېمىسى ۋە خىۋاشىيا يېزىقى سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان 26 خىل يېزىق قوللانغان. بۇلار قوچۇ يېزىقى، خەن يېزىقى، غەربى شىيا يېزىقى، چوك يېزىق، كاروشتى يېزىقى، ئەرەپ يېزىقى، فارس يېزىقى، قاراخانىلار يېزىقى، چىغاتاي يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى، مانى يېزىقى، سوغدى يېزىقى، ئورخۇن يېزىقى، قىتان يېزىقى، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى، موڭغۇل يېزىقى، مانجۇ يېزىقى، شىبە يېزىقى، بىراھمى يېزىقى، سانسكرت يېزىقى، توخرى يېزىقى ( ئا ) ، توخرى يېزىقى ( ب ) ، ساك يېزىقى، بىراھمىچە تۈرك يېزىقى، توبۇت يېزىقى، باسبا يېزىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

1960 ـ يىللاردىن 1980 ـ يىللارغىچە لاتىن ئالفابەسى قوللانغان ئۇيغۇرلار ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋە كېيىن ھازىرغىچە ئەرەپ ئالفابەسى شەكلىدىكى مۇكەممەل ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتى

شەرقى تۈركىستاننىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتى دۇنياغا مەشھۇر. ختاي قايناقلىرىدا ساقلىنىپ قالغان قەدىمقى زامانغا ئائىت قوشاقلار، بوز قۇرت تۇتىمى، باتۇر تەگرىقۇت ، بۆكەخان رىۋايەتلىرى، ئوغۇزنامە، دەدەقورقۇت، ئالپ ئەرتوڭا داستانلىرى، مەڭگۇ تاش ئەدەبىي يادىگارلىقلىرى، ئىدىقۇت ئەدەبىياتى - ئىرق پۈتۈك، ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى، چاستانى ئىلىگبەگ، ئالتۇن يارۇق، قاراخانىلار ئەدەبىياتى - فارابى ئەسەرلىرى، دىۋان لۇغەتىت تۈرك، قۇتادغۇبىلىگ، دىۋان ھىكمەت، ئەتەبەتۇلھەقايىق، چاغاتاي ئەدەبىياتى - قىسسەسۇل ئەنبىيا، دىۋان غەزەلىيات، سەككاكى، ناۋايى ئەسەرلىرى........، يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى - ئابدۇرېھىم نىزارى، غەرىبى، سەبۇرى، زىيائى، نىيازى، گۇمنام، خىسلەتى، نازۇگۇم، موللا شاكىر، سادىر پالۋان، موللا بىلال، مۆجىزى، قاراقاشى، موللا ئىمىن، دىلبەردورغا، خەستە، سايرامى، ناقىسى، تەجەللىلەرنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيا ئەدەبىياتىدا ۋە تۈرك ئەدەبىياتىدا قىممەتلىك مىراسلار قاتارىدا تەتقىق قىلىنماقتا.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئابدۇلقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، مەھمەت ئىمىن بۇغرا، مەمتىلى توختاجى تەۋپىق، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نىم شېھىت ئارمىيە داموللا قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر يازار- شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى، زۇنۇن قادىرى، ئەخمەت زىيائى، ئىبراھىم تۇردى، ساتتار مەقبۇل چوپان، زىيا سەمەدى، تۇرغۇن ئالماس، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن ھۆسيىن قارى، مەھەممەت ئىمىن ئىسلامى، تۇردى سامساق قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى.

«غېنى باتۇر» ( زىيا سەمەدى ) ، «نوزۇگۇم» ( تۇرغان توختەم ) ، «ئوتلۇق چەمبەر» ( خىزمەت ئابدۇللىن ) ، «ئويغانغان زېمىن» ( ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ) ، «ماھمۇت قەشقەرى» ( پەرھات جىلان ) ، «ئىزدىنىش»( زوردۇن سابىر) قاتارلىق

ئەسەرلەرخەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەردىن ئىبارەت.

هازىر شەرقى تۈركىستاندا 2500 يازغۇچى ، شائىر، 18 ئەدەبى ژورنال ، 5 ئەدەبىيات فاكولتېتى بار. 240 تىن ئارتۇق رومان ، پوۋېست، مىڭدىن ئارتۇق ھېكايە، يىگىرمەمىڭدىن ئارتۇق شېئىر ، ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق كىلاسسىك ئەدەبىيات كىتاۋى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا نەشر قىلىندى.

شەرقى تۈركىستان دۇنيادا « سەنئەت ماكانى» دەپ نام ئالغان. ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى خىتاي ۋە ياپونىيەگە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تارىخى دەۋرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، مىللى ئۆزگىچىلىگى، تېكىست سۆزىنىڭ باي مەزمۇنى ، مۇزىكىسىنىڭ مۇكەممەللىگى شۇنىڭدەك بىرپۈرۈش قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىگى بىلەن دۇنيا سەھنىسىدە ئالاھىدە باھاغا ئېرىشمەكتە. نورۇز پائالىيتى ۋە مەشرەپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاممىۋى سەنئەت پائالىيتى بولۇپ، خەلق دوستلۇق ۋە سەمىمىيتىنى ، دەرت - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرىتىنى، ئارزۇ- ئىستەكلىرىنى بۇ پائالىيەتلەردە ناخشا، مۇزىكا، ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ داپ، دۇمباق، غىجەك، نەي، قالۇن، ساتار، دۇتار، تەمبۇر، راۋاپ، چاڭ، قوبۇز، ساپايە، تاش، ئۇد قاتارلىق قەدىمى چالغۇ ئەسۋاپلىرى بار . دۇتار، تەمبۇر، راۋاپ ھەر ئائىلدە ئومۇملاشقان.

## ئۇيغۇر ئۆرفى - ئادەتلىرى

توي مۇراسىمى:

ئىسلام شەرىئتى بويىچە نىكاھ ئوقۇش، توي زىياپىتى، توي پائالىيتى، قىز - يىگىت ئولتۇرۇشى، قىز كۆچۈرۈش، رازىلىق ئېلىش، ئۇزۇتۇش، يول توسۇش، يۈز ئاچقۇ، سالام بېرىش، چىللاق قاتارلىق جەريانلاردا داۋام قىلىدۇ. تويدىن ئەۋەل ئەلچى ئېۋەتىش، كىچىك تازىم، چوڭ تازىم - تويلۇق تەقدىم، توققۇز تازىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رەسمىيەتلىرى بېجىرىلىدۇ.

تۇغۇت مۇراسىمى :

ئىسرىق سىلىش ( تازىلىق تەييارلىقى) ، ياغ پۇرۇتۇش ( پوشكال سېلىش )، كىندىك ئانىسى تەكلىپ قىلىش، قىرىق سۈيى، ئات قويۇش، بۆشۈك توي، يۈز ئاچقۇ پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزىلىدۇ.

سۈننەت مۇراسىمى :

يەتتە ياشتىن ئەۋەل ، ئوغۇل بالىلار ئىسلام قائىدىلىرى بويىچە سۈننەت قىلىنىدۇ. بۇ خەتنە توي ياكى ئوغۇل ئولتۇرغۇزۇش دەپ ئاتىلىدۇ. مېھمان چاقىرىلىپ زىياپەتتىن كىيىن ئوغۇل خەتنە قىلىنىدۇ.

ئۇستاز تۇتۇش مۇراسىمى :

يېڭى ھۈنەر ئۆگەنگۈچىنىڭ ئاتىسى مەھەللە جامائىتى ۋە ھۈنەر ئۇستىسىنى ئۆيىگە چاقىرىپ زىياپەت بېرىپ ، ئۇستازغا تون كىيگۈزۈپ ، بالىسنى شاگىرتلىققا تاپشۇرىدۇ.

شاگىرت چىقىرىش مۇراسىمى :

شاگىرت ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەندە، ئۇستازى مېھمان چاقىرىپ شاگىرتقا بىر يۈرۈش ئەسۋاپ تەقدىم قىلىدۇ ۋە شاگىرتىنىڭ مۇستەقىل ئىشلەش ھوقوقى بارلىقىنى جاكالايدۇ.

سۇ ، يامغۇر تىلەش مۇراسىمى:

22 ـ مارت مەھەللىدىكى جامائەت دەريا بويى ياكى تاغ باغرىدا قوي،كالا سويۇپ، قاننى دەرياغا ئېقىتىپ كۆك تەڭرىسى، سۇ ئىلاھىدىن ، ئىسلامىيەتتىن كىيىن ئاللاھتىن سۇ ، يامغۇر تىلەپ تىلاۋەت قىلىدۇ.

تىجارەت باشلاش مۇراسىمى :

سودا، تىجارەت، دۇكان ئېچىشتىن ئەۋەل يۇرت ئاقساقاللىرى، مەھەللە جامائىتى، كەسىپ ئەھلىلىرىگە چاي ـ زىياپەت بېرىپ كەسىپ رىسالىسى ئوقۇپ، پىر، پەيغەمبەرلەرگە دۇئا ئوقۇلىدۇ.

ئۆي سېلىش مۇراسىمى :

ئۆي سالغۇچى تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ جامائەتنى قان قىلىپ چايغا چاقىرىپ ئۈستىغا قىلىنى بەلگىلەپ قوزۇق قاققۇزىدۇ. مەھەللە قولمۇ - قول ھەمكارلىشىپ ھەقسىز ئىشلەيدۇ. ئىشلىيەلمىگەنلەر ياغاچ - تاش، يىمەك ئېۋەتىپ ياردەملىشىدۇ. ئۆي پۈتكەندە جامائەتكەچاي بىرىدۇ، مىھمانلارسوغابىلەن تەبرىكلەيدۇ.

دەپنە مۇراسىمى:

ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ھازىدارلار ئاق باغلاپ يىغا - زارە قىلىدۇ. ئۇرۇق - تۇققان، خولۇم - خوشنا، تونۇش - بىلىشلىرى كىلىپ ھال سورايدۇ. مېيىت ئىسلام قائىدىلىرىگە كۆرە ناماز چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن يەرلىككە دەپىن قىلىنىدۇ. يەتتە نەزىرىگىچە ئاق ئىلىنمايدۇ، قىرىق نەزىرىگىچە چاچ - ساقال ئېلىنمايدۇ، يىل نەزىرىگىچە تويغا ، تاماشاغا بارمايدۇ. تۇپراق بىشىدا بىر نەچچە كۈن خەتمە - قۇرئان ئوقۇلىدۇ.

ئۆلۈمدىن ئەۋەل ۋەسىيەت قىلىش، قۇرئان ئوقۇپ رازىلىق بېرىش، ياسىن ئوقۇپ دەمىدە ئىچكۈزۈش مۇراسىملىرى ئوتكۈزۈلسە، ئۆلۈمدىن كېيىن ئۈچ، يەتتە، قىرىق كۈن ۋە يىل تولغاندا جامائەتكە نەزىرە بېرىپ دۇئا ئوقۇلىدۇ. جۈمە كۈنى ۋە بايرام كۈنلىرى تۇپراق بېشىغا چىقىپ ئۆلگەنلەر خاتىرلىنىدۇ.

بايرام پائالىيەتلىرى:

ئۇيغۇرلاردا نوروز بايرىمى، روزى ھېيت بايرىمى، قۇربان ھېيت بايرىمى قاتارلىق بايراملاربار. ئۇندىن باشقا مەشرەپ، بەزمە، باھار سەيلىسى، مايسا سەيلىسى، گۈل سەيلىسى، دالا سەيلىسى، باغ سەيلىسى، چىلىشىش، دارۋازلىق، جانبازلىق، ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، چەۋگەن ئويۇنى، چاقپىلەك، چۆكچۆك، گومپا كۆرسىتىش، ئۇردىكام، مالاي توپ، ياڭاق ئويۇنى، ئىلەڭگۈچ، تەپكۈچ، قوشماق ئاداش، توققۇز قاتار، مۇز تېيىلىش، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق ئويۇن ۋە پائالىيەتلىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## يېمەكلىكلىرى :

ئۇيغۇرلار 3 مىڭ يىل ئىلگىرىلا سۇ ، سۈت، ماي، تۇخۇم بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇغداي نېنىنى چەككۈچ بىلەن زىننەتلەپ تونۇردا پىشۇرۇپ يېگەن. گۆشنى ياغاچ زىققا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلىپ يېگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

نان تۈرلىرى: نان، گىردە، توقاچ، گۆش نان، قاتلىما، خويلىما، كۆمەچ، ھەمەك، ياغ نان، قايماق نان، ھونان..

گۆش تۈرلىرى: قوي، كالا، ئات، تۆگە، بېلىق، توخو، غاز، ئۆدەك، جەرەن، كىيىك، بۇغا، مارال، ئارقار، بۆكەن، كەكلىك، قىرغاۋۇل، بۆدۈنە، چىل، ئۇلار، توشقان، كىرپە، كەپتەر، قۇشقاچ گۆشلىرى.......

كۆكتات تۈرلىرى: سەۋزە، چامغۇر، پىياز، سامساق، كاۋا، پۇرچاق، تۇرۇپ، شوخلا، پىدىگەن، مۇچ، كۈدە، ماش، بىدە،

قوشۇمچە يېمەكلەر : تۇخۇم، شىكەر، مۇراببا، قۇرۇت، سېرىقماي، مېغىز، قۇرۇق ئۈزۈم، مېۋە قاقلىرى.....

سۇيۇق يېمەكلەر : ئۇماچ، ئاتلا، ياما، شوۋىگۈرۈچ، ماشخوردا، ئاق ئاش، ئۈگرە، كەسمە، سۇيۇق ئاش....

گۆش يېمەكلەر : شورپا، ئاق شورپا، قورۇما شورپا، چەينەك شورپا، كاۋاپ، قىيما كاۋاپ، تونۇر كاۋاپ، تاۋا كاۋاپ، قازان كاۋاپ، باراۋەت كاۋاپ، كۆممە كاۋاپ، دۈملىمە كاۋاپ، پوستوما كاۋاپ، ياقما كاۋاپ، شىرى كاۋاپ، سوقما كاۋاپ، سۈر گۆش، قىيزا، سوجۇق،

ئۇن قورۇما يېمەكلەر : لەغمەن، پەرمان، قورداق، نان قورداق، قىيما قورداق، چۆپ، ياپما، سىقماق، زاڭ، تالقان، شوجورا، ھالۋا،

گۈرۈچ قورۇما يېمەكلەر : پولو، شويلا، بەتتە، گاڭپەن، ھېسىپ، سىڭدۈرمە،

قىيملىق يېمەكلەر : مانتا، چۆچۈرە، جۇۋاۋا، سامسا، سامبوسا، پەرمودە، پەرەمىش، گۆش نان، پۆرە، تۈرمەل، تەپمەك، مۈندەك، شۇڭگۇتماق، مانتا ( پىتىر مانتا،

بولدۇرۇق مانتا، كاۋا مانتا، شكەر مانتا، كۆك مانتا ) ،
ئىچىملىكلەر: سۈت، قېتىق، قىمىز، قاق سۈيى، مىۋە شەربىتى، دۇغاپ، سىركە، مۇسەللەس، چاي: سىن چاي، سۈت چاي، ئۈن چاي، داراچاي، تۇخۇم چاي، ناۋات چاي، يىمىش چاي،
مېۋىلىرى: ئەنجۈر، ئانار ، ئامۇت، نەشپۈت، ئۈزۈم، قوغۇن، تاۋۇز، ئالما، شاپتۇل، گىلاس، بۆلدۈرگەن، ئۈژمە، قۇلۇپنىك، جىگدە، ئۆرۈك، توغاچ، ياڭاق، بىيە،

## كىيىم ـ كېچەكلىرى:

باش كىيىملىرى: بۆك ـ دوپپا ( شاپاق دوپپا، سىيدام دوپپا، گۈللۈك دوپپا، دۇخاۋا دوپپا، بادام دوپپا، گىلەم دوپپا، چىمەن دوپپا، ئۈنچە دوپپا، ئالتۇن قاداق دوپپا، تاجىلىق دوپپا ) ، قالپاق، كولا، قاسقان تۇماق، سەربۇش تۇماق، قولاقچا، پاپاق، ئايالالارنىڭ داكا ياغلىق، يىپ ياغلىق، شايى ياغلىق، پەرەڭ ياغلىق، تىۋىت شال، غىجىم رومال، لىچەك، چۈمبەل، پەرەنجە باش كىيىملىرى بار.
ئاياق كىيىملىرى: ئۆتۈك، چورۇق، مەسە، چىتىك، كەش، سەندەل، شۆەك، دەكتو، پىيما، كالاچ، بەتىنگە، يىپ پايپاق، يۇڭ پايپاق، كىگىز پايپاق، پايتىما، رەزىنكە ئاياق،
كىيىملەر: يەكتەك، تون، پەشمەت، نىمچا، جىلىتكە، چەكمەن، پەلتو، تون ياقىلىق كوڭلەك، ئويما ياقىلىق كوڭلەك، خالتا كوڭلەك، مەيدە ياقىلىق كوڭلەك، پۆرمە ياقىلىق كوڭلەك، جۇۋا، تېرە ئىشتان ـ چاپان، پاختىلىق ئىشتان ـ چاپان، يۇڭ ئىشتان ـ چاپان، كاستون ـ بۇرۇلكا، ئاسما، قىسقا ، ئۇزۇن يەڭ مايكا .....
پەرداز بويۇملىرى : ئوسما، سۇرمە، يىلىم، خېنە، ئۇپا، ئەڭلىك، يۈز ئالغۇ، ئەتىرە، گۈل سۇرۇق......

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئولتۇراق ئادەتلىرى:

ئۇيغۇرلار مىلادىدىن ئىلگىرىلا ئوردۇبالىق كەبى چوڭ شەھەرلەرنى سالدۇرغان. ئۇيغۇرلار قەدىمدە ئىككى ئاچىغا بىر لىم ياغاچ قويۇپ ئىككى يېنىغا قومۇش يۆلەپ چادىر شەكلىدە، كېيىن ئۆگكۈر ئۆي، سوقما تام ئۆي ياساپ، ئىشىك، تۈگلۈك بىكىتىپ ياشىغان. مىلادىدىن ئىلگىرىلا ھول قويۇپ، تامنى قېلىن، ئېگىز قىلىپ، ئىككى - ئۈچ ئېغىز قىلىپ، ئويۇق، تەكچە، لىمتاق چىقىرىپ، مورا ئوچاق بىكىتىپ، تۈگلۈك، دەرىزە ئورنىتىپ، تورۇس ۋە تۈۋرۈكلەرگە نەقىش چىقىرىپ، تاملارنى ئاقارتىپ ئۆي ياسىغان. ئۆينىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى ۋە كۆركەملىكىگە ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىلگەن. كېيىنچە ئۆينىڭ ئىچى - تېشى سۇۋىلىدىغان، سۇۋاقتا ھاك، قۇم، سېغىز توپا، توزغاق، ئۈن، تۇخۇم، ناۋات شەربىتى ئىشلىتىپ ئالىي سىمونت ياسىلىدىغان بولدى. ئىشىك - دەرىزىلەر ياغاچتىن ياسىلىدىغان، ئۆي ئۈستى ۋاسجۇپ ۋە تاختايلىق قىلىنىدىغان، يازلىق، قىشلىق، مېھمانخانا، ئاشخانا ئۆيلەر ئايرىپ سېلىنىدىغان، تۈز ۋە ئەگمە پېشايۋان ياسىلىدىغان، دەرىزىگە قەغەز ۋە ئەينەك سېلىنىدىغان كۆتەرمە، ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلەر سېلىنىدىغان بولدى. كېمىر ئۆي شەكلىمۇ تەڭلا بارلىققا كەلدى. باغ ۋارانلىق، ھويلىلىق ئۆيلەر ئومۇملاشتى.

ئۇ زامانلاردا ئۇيغۇرلاردا بىناكارلىق، تامچىلىق، ياغاچچىلىق، ھاكچىلىق، تاشچىلىق، نەققاشچىلىق سەنئەتلىرى بارلىققا كەلدى ۋە بېيىپ ئەتراپقا تارقالدى.

ئۇيغۇرلاردا ئۆي ئىشىگىنى جەنۇپقا قارىتىش ئادىتى ئومۇملاشقان. ئۆيلەرگە بورا ئۈستىگە پالاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىگىز، گىلەم سالىدۇ. تامغا نەفىس گىلەم ئاسىدۇ. يېزىلاردا ئوچاق بېشىغا ئېيىق، ئىت تېرىسى سېلىنىدۇ. ئەستەرلىك يوتقان - كۆرپىلەر، كەشتىلىك ياستۇقلار ئىشلىتىلىدۇ. مېھمانلار ئۈچۈن مەخسۇس ئالاھىدە يوتقان - كۆرپە، ياستۇقلار زاپاس ھازىرلىنىدۇ. بۇلار ئويۇقتا ياكى كارىۋاتتا قاتلاپ تىزىلىپ ئۈستىگە ئەديال يېپىلىدۇ.

## مەشھۇر ئاسارە ئەتىقىلىرى :

بوغدا كۆلى : — تەڭرىتاغنىڭ ۋە ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى بوغدا چوققىسى ئۈستىگە جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن 1980 مېتىر ئېگىزلىكتە. سۇ يۈزى 5 كۋادرات كىلومېتىر، چوڭقۇرلۇقى 105 مېتىر بولۇپ، ئاپپاق قارلىق چوققىلار، قېلىن قارىغايلار، تاغ گۈللىرىگە ئورالغان بۇ چىرايلىق كۆل - رىۋايەتلەردىكى ئوماي ئانىنىڭ گىرىم ئۈستىلىدىكى خاسىيەتلىك ئەينەك دەپ تەسۋىرلەنگەن. تۇرپان رىۋايەتلىرىدە ئوغۇزخاننىڭ شىكار سەيلىگاھى ئىكەنلىكى، ئىسمىنىڭ بۇغرا كۆلى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان .

سايرام كۆلى : — تەڭرىتاغنىڭ غەربىدىكى ئارشاڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە بولۇپ، ئىلى ۋادىسىغا ئۆتىدىغان كەڭساي تاغلىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن 2070 مېتىر ئېگىزلىكتە، كۆلىمى 454 كۋادرات كىلومېتىر، ساياھەت مەنزىرىسى ئالاھىدە گۈزەل بولغان بۇ كۆل - قېلىن ئورمانلار ۋە چەكسىز يايلاقلار ئارىسىدا كۆپ - كۆك گىلەمدەك پاقىراپ تۇرىدۇ .

باينبۇلاق يايلىقى : — تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇلتۇز ئويمانلىقىدا. 9 - ئەسىردە ئەجداتلىرىمىزنىڭ پايتەختى بولغان بۇ ماكان يۇلتۇز تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، قارا شەھەر دەرياسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ. كۆللەردە ئاققۇلار ياشايدۇ. گۈل - چېچەككە تولغان بۇ گۈزەل يايلاقتا ھەر يىلى چارۋىچىلارنىڭ ئەنئەنىۋى يايلاق يارمەنكىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ .

كىروران شەھىرى : — تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقى شىمالىغا، لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان. مىلادىدىن 4 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئەجداتلىرىمىز بەرپا قىلغان بۇ قەدىمى شەھەرنىڭ سېپىل ئىزلىرى، ئوردا خارابىلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، مەركىزى كۆلىمى 330 كۋادرات مېتىر. مىلادى 108 - يىلى خىتاي تارىخلىرىدا خاتىرىلەنگەن ئەڭ ئاۋات سودا مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان. مىلادى 4 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا قۇم - بوران ئاپىتىدە ئاھالىسى ئەتراپقا كۆچۈپ كەتكەن.

مەتبەئە ھەرپلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىجىندا ئۆتكۈزۈلگەن مەدەنىيەت ـ مائارىپ يىغىنىدا ئىلان قىلىندى. دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان بۇ 6 دانە ياغاچ مەتبەئە ھەرپلىرى ھەممىسى ئۇيغۇرچە بولۇپ، ياۋرۇپادىن 400 يىل بۇرۇن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان.

قىيا تاش رەسىملىرى : ــ شەرقى تۈركىستاننىڭ تەڭرىتاغ، ئالتاي، قاراقۇرۇم، كوئىنلون، ئالتۇنتاغ ۋە چۆلتاغ قاتارلىق تاغلىرىدا بىر نەچچە ئون مىڭ پارچە قىياتاش رەسىملىرى بار. رەسىملەردە ھەرخىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى، ھەرخىل قىياپەتتىكى ئادەملەر ( غەلىتە نىقاپلانغان ) ئۇسسۇلچىلار، سېرىكچىلار، ئوۋچىلار، مال پادىلىرى ۋە چوپانلار، ئىپتىدائى ئېتىقادقا دائىر رەسىملەر، قەدىمى قەبىلە ـ ئۇرۇقلارنىڭ جەڭ ئېلىشىشلىرى، ئەجداتلىرىمىز ئىشلەتكەن بەلگە- تامغىلار قاتارلىقلار ئويۇلغان بولۇپ، يىل دەۋرى ئەڭ قەدىملىرى 8 0 0 0 يىللارغا قەدەر بارىدۇ. كۆكتوقايدىكى « تامغىلىق تاش »، چاغانتوقايدىكى « قىزىل تاش بۇلاق » ، قورغاستىكى « قۇلۇستۇ » ، ئۈرۈمچىدىكى « دىڭگەك » ، چەرچەندىكى « ئالتۇنتاغ » ، قومۇلدىكى «تاشۇبلىق » ، پىچاندىكى « سىركىپ » ، توخسۇندىكى « پەنجىرتاغ »، «توغراق بۇلاق » قاتارلىق قىياتاش رەسىملىرى جايلىرى مەشھۇر.

نۇراساي مىس كانى : ــ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىنىڭ شەرقى جەنۇبى 3 كىلومىتىر يىراقلىقتىكى نۇراساي جىلغىسىدىكى 10 نەچچە جايدىن مىس كانلىرى تېپىلغان. بۇ كانلار كاربون 14 ئۆكسىدى ئانالىزىدا 3000 يىل بۇرۇنقى تارىخقا ئىگە ئىكەنلىگى ئىسپاتلانغان.

تاش ھەيكەل ( بالبال ) ، سىنتاش قەبرە تاشلىرى : ــ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ موڭغۇلكۈرە، تېكەس يايلاقلىرىدا، نىلقا، قورغاس، توققۇزتارا ناھىيەلىرىدە كىچىك خونىقاي، سىنتاش، ئارشاڭ مىلچىك ، شوتا، قوڭغۇر بۇلاق قاتارلىق جايلاردا زور بىر تۈركۈم تاش ھەيكەللەر، قەبرە تاشلىرى تېپىلدى. ئۇندىن باشقا ئالتاي، تارباغاتاي، بۆرتالا، ئاراتۈرك، بارىكۆل، ئۈرۈمچى سەيۇۇپۇ ، پۇكاڭ، گۇچۇڭ، خوتۇنسۇمۇل قاتارلىق جايلاردىنمۇ بۇخىل تاشلار كۆپلەپ بايقالدى. يىل دەۋرى 6 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگە قەدەر داۋاملاشقان بۇ تاشلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم

ئەھمىيەتكە ئىگە.

قەدىمى شەھەر ئالمالىق : — ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كونا قورغاس ناھىيىسىنىڭ شەرقى شىمالى 15 كىلومىتىر سىرتىدىكى مازار يېزىسىغا جايلاشقان بولۇپ، 5 - ئەسىرلەردىن بېرى ئەجداتلىرىمىزنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەركىزى شەھەرلىرىنىڭ بىرى، بۇ شەھەر چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ ، بولۇپمۇ چاغاتاي خان ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ دەۋرىدە تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. 160 مىڭ موڭغۇلنى ئىسلامغا كىرگۈزگەن ، 1363- يىلى ئۆلگەن تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ قەبرىسى بۇ شەھەرنىڭ شىمالىدابولۇپ، 1262 - يىلى قۇبلايخاننىڭ ئىنىسى ئارىغ بۇقا قوشۇنلىرى بىلەن بېسىپ كىرىپ شەھەر خەلقىنى تارقاتقان. 16 - ئەسىردە ۋەيران قىلىنغان.

ساتۇق بۇغراخان مازارى : — ئورنى قەشقەرنىڭ ئاتۇش شەھرىدىكى ھەزرىتى سۇلتان مازارىدا . مىلادى 956 - يىلى ۋاپات بولغان قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئىسلامنى تۇنجى قوبۇل قىلغان پادىشاھى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان - ئابدۇلكەرىمخاننىڭ قەۋرىسىدۇر.

ماھمۇت قەشقەرى مازارى : — ئورنى قەشقەر كونىشەھەر ئوپال كەنتىدە. « دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك » ناملىق ئاتاغلىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ماھمۇت قەشقەرىنىڭ قەۋرىسى. دىنى ئۆلىما، قاراخانىلار تارىخچىسى، قەشقەرنىڭ مەھكىمەئى قازىسى - موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم ھىجرىيە 1252- يىلى كىتاپ ۋەخپە قىلغانلىق ھۆججىتىدە : « قىممەت باھالىق، ئالتۇنغا سېتىپ ئالغان مۈلكۈم مەسنەۋى شېرىپ ناملىق كىتاۋىمنى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونى تاغ باغرىدا سۈزۈك بۇلاق ئۈستىدە دەفن قىلىنغان ھەزرىتى مەۋلام، دىنىنىڭ قۇياشى ھۆسەيىن ئوغلى قەلەم ئىگىسى بولغان ماھمۇت قەشقەرىنىڭ مازارىغا مۇتلەق ۋەقپە، ئەبەدى سەدىقە قىلدىم» دەپ يازغان . بۇ مازار بۈگۈن قەشقەردىكى ئەڭ كاتتا زىيارەتگاھلارنىڭ بىرىدۇر.

يۈسۈف خاس ھاجىپ مازارى : — ئورنى قەشقەر شەھەر ئىچىدە. 11 - ئەسىردە دۇنياغا كەلگەن ئالەمشۇمۇل ئەسەر « قۇتاتغۇ بىلىگ » نىڭ ئاپتورى - بۈيۈك مۇتەفەككۇر شائىر يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ مۇبارەك قەبرىگاھى. قەشقەردىكى كاتتا زىيارەتگاھلارنىڭ بىرىدۇر.

ھېيتگاھ جامىسى : — قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، 15 ـ ئەسىردە ياسالغان. ئۇزۇنلۇقى 160 مېتىر، كەڭلىگى 16 مېتىر ئورۇندا 140 دانە كۆك سىرلانغان نەقىشلىك تۈۋرۈك ئاق گەجلەنگەن ۋاسىجۇپ تورۇسنى تىرەپ تۇرىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا 10 مىڭ كىشى ناماز ئوقىيالايدۇ.

بەدەۋلەت ياقۇپبەگ قەۋرىسى : — ئورنى قەشقەر ھەزرەتتە، شەرمەندە مۇناپىق ئاپپاق خوجا قەۋرىسىنىڭ ۋە ياقۇپ بەگ مەسچىتىنىڭ يېنىدا. غازات ئورۇشى بىلەن شەرقى تۈركىستانىي بىرلىككە كەلتۈرگەن ئالى قوماندان ياقۇپ بەگ 1877 ـ يىلى خائىن نىيازبەگ تەرىپىدىن كورلىدا زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كىيىن ، ئەۋلاتلىرى تەرىپىدىن قەشقەرگە كەلتۈرۈلۈپ بۇ يەرگە دەفنە قىلىنغان.

خوجا نىياز ھاجى قەۋرىسى :— ئۈرۈمچىدىكى دۆلەت تىلشۇنىيە ئىدارىسىنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى كونا شېھىتلىكتىكى يىگانە گۈمبەزلىك قەۋرە. 1933 ـ يىلدىكى دېخانلار قوزغۇلىڭىنىڭ رەھبىرى خوجانىيازھاجى 1937 ـ يىلى خىتاي ئىستىلاچىلىرى تەرىپىدىن ئالداپ شېھىد قىلىنغان.

ساۋۇت داموللا قەۋرىسى :— ئۈرۈمچى كونا شېھىدلىكتە، خوجا نىياز ھاجىنىڭ قەۋرىسىنىڭ شەرقى شىمالى 5 مېتىر يىراقلىقتا. 1933 ـ يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ساۋۇت داموللام 1934 ـ يىلى روس ـ خىتاي سۇيىقەستىدە شېھىد بولغان.

ئەخمەتجان قاسىمى قەۋرىسى : — غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزى باغچىسىنىڭ ئىچىدە. 1944 ـ يىلى قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى 1949 ـ يىلى روس ـ خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن ئۇچاق ۋەقەسى سۇيىقەستىدە بەش سەبدىشى بىلەن بىللە شېھىد بولغان.

ئابدۇلئەزىز مەخسۇم قەۋرىسى :— ئۈرۈمچى يېڭى شېھىدلىكتە. ئەللىك يىللىق ھاياتى خىتاي تۈرمىسىدە ئۆتكەن ئاتاغلىق ئىسلام ئالىمى، ئىقتىدارلىق تارىخچى، تالانتلىق شائىر ئابدۇلئەزىز مەخسۇم 198' ـ يىلى «پويىزد ۋەقەسى» دە شېھىد بولغان.

# 6 ـ باپ شەرقى تۈركىستاندا دىنى ئېتىقاد

شەرقى تۈركىستاندا ياشىغان خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن ، ھەرخىل تۈتېملارغا، شامان ، زەردۇشت (ئاتەشپەرەست ) ، ماني ، خىرىستىيان ، بۇددا قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. ئەسىرلەر داۋاملىشىپ خەلقىنىڭ ئۆرف ـ ئادەتلىرىگە قەدەر سىڭىپ كەتكەن بەزى دىنى قائىدە ياكى ئادەتلەر بۈگۈنكى ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە .

ئەجداتلىرىمىزنىڭ دەسلەپكى چوقۇنۇشى « ئالەم ـ تۇپراق، سۇ ، ھاۋا ، ئوتتىن ئىبارەت تۆرت ئاناسىردىن تەركىپ تاپقان » لىقتەك رىئاللىق ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ۋەتىنىمىزدىكى ئەڭ چوڭ تاغنىڭ « تەڭرى تاغى » دەپ ئاتىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ، ئاسمانغا، كۈنگە ، ئايغا ، دېڭىزغا ، ئوتقا چوقۇنۇشلار ئەنە شۇ ئاساسقا قۇرۇلغان. ئەجداتلىرىمىز ئۇندىن باشقا ئوخشىمىغان تارىخى دەۋرلەردە كۆك بۆرە، بۇغرا، يولۋاس، شىر، ئارقار، تاغ تېكىسى، قارچىغا، شۇڭقارلارنى تۆتېم قىلغان. شەرقى تۈركىستاندىن تېپىلغان 3 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بىر ساقال تاغىقىنىڭ سىپىغا ئويۇلغان كۆك بۆرىنىڭ سۆرىتى بىزگە كۆك بۆرە تۆتېمىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىنى دەلىللەپ بېرىدۇ .

## 1 . ئۇيغۇرلاردا قەدىمقى دىنلار

زەردۇشت ( ئاتەشپەرەستلىك ) دىنى :

ئەجداتلىرىمىز قەدىمقى زامانلاردا زەردۇشت دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ئوتقا چوقۇنغان ئىدى. قورقۇنچلۇق تەبىئەت ھادىسىلىرى ـ چاقماق چېقىنلىرى، يانارتاغ لاۋالىرى ، ئورماندىكى ئوت ئاپەتلىرى قاتارلىقلار شۇنىڭدەك يىمەكلەرنى پىشۇرۇپ يىيىش

ئادەتلىرى بىرلىشىپ ئۆتىنى ئۇلۇغلاش، ئوتتىن مەدەت تىلەش ئەقىدىسىنى شەكىللەندۇرگەن. ئوت بىلەن ئۇچۇغداش، توي قىلغان قىزنى ئوت گۈلخانىدىن ئايلاندۇرۇش قاتارلىق ئادەتلەر ئاتەشپەرەستلىك دىنىدىن قالغان .

شامان دىنى :

ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. « كۆك تەڭرى » ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ خۇداسى ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۇرۇشقا ماڭغاندا ئاق بوز ئاتنى قوشۇننىڭ ئالدىدا يېتىلەپ ماڭاتتى. بوز ئاتقا زەر ئالتۇندىن جىيەك تۇتتۇلغان قىزىل دوخاۋا يوپۇق ئارتىلاتتى. بۇ ئاتقا جەڭ تەڭرىسى سولدى مىنىپ ماڭاتتى. شامان ئەقىدىسىگە كۆرە، پۈتۈن ئالەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان تەڭرى ئاسمانىنىڭ يوقىرى قەۋىتىدىكى تۆت قات ئالتۇن تاغنىڭ ئۈستىدىكى كۈمۈش سارايدا تۇراتتى. يازما ماتېرىياللاردا شامان دىنىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى داۋامى 2000 يىلدەك داۋاملاشقانلىقى قەيت قىلىنغان. ئىسرىق سىلىش، پىرىخۇنلۇق، داخانلىق، بوۋاقنىڭ بېشىغا پىچاق قويۇش قاتارلىق ئادەتلەر شامان دىنى ئېتىقادىدىن قالغان.

مانى دىنى :

مىلادى 762 ـ يىلى ئۇيغۇر قاغانى بوگۇقاغان ئۆزگىلۈك ئىسيانىنى باستۇرۇپ قايتقاندا، لوياڭ شەھىرىدىن تۆت نەپەر مانى راھىبىنى بىللە ئېلىپ قايتقان ئىدى ھەمدە شامان دىنىنى تەرك ئېتىپ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى. قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار بولسا 4 ـ ئەسىردىلا مانى دىنىغا كۆچكەن ئىدى. 5 ـ ئەسىرنىڭ مەھسۇلى بولغان «مۇقەددەس قەبرە » ناملىق قەسىدە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يېزىلغان. مانى دىنى « ياخشىلىق ـ يامانلىق » ، «يورۇغلۇق ـ قاراڭغۇلۇق » ، « جەننەت ـ دوزاق » نى تەشۋىق قىلاتتى. ئوبۇلقاسىم ئەبەيدۇللا 846 ـ يىلى يازغان « كىتاپ ئەل مسالىك ۋە ئەل مىمالىك » ناملىق كىتاۋىدا: « ئۇيغۇر قاغانى تۇرىدىغان شەھەرنىڭ خەلقى تۈركتۈر. ئوتقا چوقۇنىدىغان مەجۇسىلەر، زىندىك ( مانى ) لار بار. قاغان 12 دەرۋازىلىق چوڭ شەھەردە تۇرىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ خەلقى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ

» دەپ خاتىرە قالدۇرغان . يورۇقلۇقنى ئۇلۇغلاش ، كۈن، ئاي، يولتۇز قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىنى مۇقەددەس بىلىش ئادىتى مانى دىنىدىن قالغان . خىتاي تارىخنامىلىرىدە « ... ھۇن تەڭرىقۇتى ھەر كۈنى ئەتىگەندە يېڭى چىققان قۇياشقا ، كەچتە ئايغا چوقۇنىدۇ . ئايغا چـوقۇنۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزىلىدۇ » دەپ خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان .

خىرىستىيان - نىستورىيان دىنى :

مىلادى 1 - ئەسىردە پەلەستىندە دۇنياغا كەلگەن خىرىستىيان دىنى داۋاملىق شەرققە تەسىر كۆرسەتكەن. 334 - يىلى خۇراساندىكى مەرۋە، تۇس دىگەن جايلاردا چىركاۋلار بارلىقى خاتىرىلەنگەن. 6 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شەرقى رىم پادىشاسى مائۇرىك بىلەن پارىس پادىشاسى خىسراۋ بىرلىشىپ قاراشەھەر يۇلتۇزدىكى ئۇيغۇر قاغانى بەھرام بىلەن سوقۇشقاندا ئەسىر ئېلىپ كونستانتىپولغا ئېلىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ پىشانىسىدىكى كىرىست بەلگىسىگە قاراپ ھەيران قالغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى رىم تارىخچىلىرى خاتىرىلىگەن. ستەيىن، لىكوكلار مىرەن، خوتەن، باي، تۇرپانلاردىن خىرىستىيان دىنىنىڭ چوڭ مەزھەپلىرىدىن بىرى بولغان نېستورىيان دىنىغا ئائىت رەسىملەر، فىراگمېتلەر، ئىنجىل پارچىلىرى ، ئىزوپ مەسەللىرى ، كىرىست قەبرە تاشلىرىنى تاپقان. خىتايلارنىڭ شىئەن شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقان « ماچىن نېستورىيان دىنىنىڭ خىتايغا تارقىلىپ كىرىش خاتىرە تېشى » دا ماچىنلىق ئالوبىن ( خوتەنلىك ئۇيغۇر ) دىگەن كىشىنىڭ 635 - يىلى خىتايغا نېستورىيان دىنىنى تارقاتقانلىقى خاتىرىلەنگەن. 1246 - يىلى موڭغۇل ئوردىسىغا كەلگەن ئىتالىيەلىك كاتولىك دىنى ئەلچىسى : « ... ئۇيغۇرلار خىرىستىيان دىنىنىڭ نېستورىيان مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلاتتى » دەپ خاتىرە قالدۇرغان. ماركوپولو قەشقەر، يەركەن لەردە نېستورىيان مەزھىپىدىكى خىرىستىيانلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى خاتىرىلىگەن. 1278 - يىلى بېيجىڭدىن مۇقەددەس جاي يېروسالىمغا بارغان ئۇيغۇر بارسائۇما بىلەن ماركوس پەلەستىنگە بارىدىغان يول خېتى ئېلىپ دىنى داھى بىلەن كۆرۈشكەن. 1280 - يىلى ماركوس خىتاي دۆلىتىگە

نېستورىيان ئارخ بىشوپى (باش ۋەكىلى)، بارسا ئۇما چارلاپ يۇرگۈچى باش تەپتىش ۋېزىتۇر گېنېرال قىلىپ تەيىنلەنگەن. 1281 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ماركوس ئىسىملىك بۇ ئۇيغۇر ياش ماناخ نېستورىئان دىنىنىڭ دۇنياۋى داھىسى سايلىنىپ 36 يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 1287 ـ يىلى ياۋرۇپا تىللىرىنى پىششىق ئىگەللىگەن بارسائۇما پۈتۈن ياۋرۇپا باش ئەلچىسى بولۇپ تەيىنلىنىپ، 1288 ـ يىلى رىمغا بېرىپ پاپا بولۇپ سايلانغان. ئىتالىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە پادىشاھلىرى بىلەن كۆرۈشكەن. بۇ ھەقتە سۇرىيەدە تەزكىرە، ئامىرىكادا مەخسۇس كىتاپ، روسىيەدە تەتقىقات كىتاۋى نەشر قىلىنغان. چاغاتاي دەۋرىدە ئالمالىقتا نېستورىيان دىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالغان.

بوددا دىنى :

غەربى ئۇيغۇرلار مىلادى 1 ـ ئەسىردىن باشلاپلا بوددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. 4 ـ ئەسىرلەردە بوددا دىنى ئومۇمىيلىشىپ، خىتايلارغا تارقىتىلىشقا باشلىغان. خوتەن، كۈچار، تۇرپانلار بوددا دىنىنىڭ دۇنياۋى مەركەزلىرىگە ئايلانغان. بۇددىزىم نوملىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بوددا دىنىنىڭ ماخىيانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇرلاردىن كومراجىۋادەك راھىپ ئالىملار نوملارنى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىپ خىتايلارغا تارقاتقان. بوددا دىنى بىلەن مانى دىنى ئۆزئۆزنىچە تەڭ ياكى ئارىلىشىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، بەزى قاراش - ئەھكاملىرى سىڭىشىپ كەتكەن. تۇپراق، تاغ، سۇ، بۆرە، شۇڭقار، ئات، بۇغرا، ئارسلانلارغا چوقۇنۇش ئەقىدىلىرى، ياغ پۇرۇتۇش، روھلارغا داسقان سېلىش، جادۇگەرلىك، قەسىدىچىلىك، قان قىلىش، كىسەل كۆچۈرۈش، ئاچلاش، ئوت كۆچۈرۈش، چاچراتقۇ سېلىش، پىرىخونلۇق، كەتمەن بېسىش، پالچىلىق، چۆشكە تەبىر بېرىش قاتارلىق خۇراپى ئادەتلەر ئەنە شۇ قەدىمى دىنلاردىن ھازىرقى دەۋرىمىزگە قەدەر داۋاملىشىپ كىلىۋاتقان ئادەتلەردۇر. ئۇيغۇرلار 10 ـ ئەسىرلەردە بوددا دىنىدىن ئايرىلىشقا باشلىغان بولۇپ، 15 ـ ئەسىرلەرگە قەدەر داۋاملاشقان. بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە مەدەنى تۆھپىلەرنى ياراتقان.

# 2 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى

ساتۇق بۇغراخان :

مىلادى 914 - يىلى سامانىلار پادىشالىغىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ نەسر سامانى خانلىق تەختىدىكى قالايمىقانچىلىقلاردا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن. ئوغۇلچاق قاغان ئۇنى قارشى ئېلىپ ئارتۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان. شۇ كۈنلەردە ئارتۇشتىكى تاققا ئوۋغا چىققان شاھزادە ساتۇق بۇغراخان ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىدە مۇسۇلمان بولغان. ئۇندىن ئىلگىرىلا قەشقەردىكى بىرقىسىم خەلق يوشۇرۇنچە مۇسۇلمان بولغان ئىدى. 920 - يىلى ساتۇق بۇغراخان تاغىسى ئوغۇلچاقنى يېڭىپ شاھلىق تەختىگە چىققان ۋە ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلغان. ساتۇق بۇغراخان شاھ يارلىقى بىلەن ھەمدە قانلىق جەڭلەر بىلەن ئەتراپىدىكى بۇددىست ۋە شامان ئۇيغۇرلىرىنى ( يەتتىسۇدىكى ) ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇردى. مىلادى 921 - يىلى سامانىلارنىڭ خوراساندا كۆتۈرۈلگەن شىئەلەرنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇشقا ئەسكەر تارتىپ قاتناشقان ساتۇق بۇغراخان 943 - يىلى ئۇرۇش بىلەن بالاساغۇننى فەتھ قىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئالىملىرى قەشقەر بىلەن بالاساغۇنغا توپلىنىشقا باشلىدى. خوتەن، كۇچار ۋە تۇرپاندىكى بۇددىست قېرىنداشلىرىنى بويسۇندۇرۇش يولىدا ساتۇق بۇغراخان ئۇرغۇن قانلىق جەڭلەرنى قىلدى. ئاخىرىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى ئۆز تەۋەسىدە بوددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ ، قەشقەرگە بويسۇنۇش شەرتى بىلەن ئۇرۇش ئاياقلاشقان.

ساتۇق بۇغراخان ئۇيغۇرلار تارىخىدا غازات قىلىپ ئىسلام ئىچىپ ئۇيغۇرلارنى مۇسۇلمان قىلىشتا غايەت زور رول ئوينىدى. ئۇنىڭ نامى قۇتبىدا ئوقۇلغان. ئۇنىڭ نامىغا باستۇرۇلغان پۇلدا « قاراخان ساتۇق بۇغراخان ئابدۇلكەرىم » دەپ يېزىلغان. مىلادى 956 - يىلى ۋافات بولغان ساتۇق بۇغراخاننىڭ جەسىدى ئۇستازى ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ يېنىغا - قەشقەر ئارتۇشتىكى ھەزرىتى سۇلتان مازارىغا دەفنە قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇددىستلارغا قارشى ئۇرۇشلار :

مىلادى 958 - يىلى ساتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى بايتاش ئۆلۈپ، ئورنىغا كىچىك ئوغلى توڭگا ئىلىگ (سۇلايمان ئارسلانخان ) قاغان بولدى. ئۇ 960 - يىلى قوشۇن تارتىپ يەتتە سۇ ۋە تارىم بويىدىكى 200 مىڭ ئۆيلۈك ئۇيغۇرنى مۇسۇلمان قىلدى. شۇ يىلى ئىسيان قىلغان خوتەن قاغانىنىڭ ئىسيانىنى باستۇردى. ئىسيانلار ئۈزلۈكسىز داۋام ئەتتى. ئۇرۇشلار 975 - يىلدىن 998 - يىلىغا قەدەر 20 يىل داۋاملاشتى.

توڭگا ئىلىگ قاغان 965 - يىلدىلا ئىلى بويلىرىدىكى غۇلجىغا ئالىپ تىكىن باشچىلىقىدىكى قوشۇننى ئەۋەتىپ بۇددىست ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلىپ مۇسۇلمان قىلغان ئىدى.

مىلادى 970 - يىلى توڭگا ئىلىگ قاغان ئالىپ تىكىننى ئىدىقۇت قاغانى زېمىنىگە ئاتلاندۇرۇپ، ئاقسۇ، كۇچار، قاراشەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئاخىرىدا قاراخوجىغا ھۇجۇم قىلدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر قاغانى ئارسلان تىكىن بەشبالىقتا چېكىندى. بەشبالىقتا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان ئالىپ تىكىن ھەل قىلغۇچ جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ ئۆلدى، قوشۇنى تار- مار بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر قاغانى ئارسلان تىكىن تاكى قاراشەھەرگە قەدەر بولغان زېمىنلەرنى قايتۇرۇپ ئالدى.

مىلادى 970 - يىلى توڭگا ئىلىگ ( سۇلايمان ئارسلانخان ) ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بايتاشنىڭ ئوغلى ئەلى ئارسلانخان قاغان بولدى. توڭگائىلىگنىڭ ئوغلى ھارۇن، ئەلى ئارسلانغا ياردەمچى بولۇپ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنى ۋە باشقا بويسۇنمىغان ئۇيغۇرلارنى تەسلىم قىلىپ قاراخانىلارنى تولۇق بىرلىككە كەلتۈردى. ھارۇن بۇغراخان ئەلى ئارسلانخاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن مىلادى 990 - يىلى سامانىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئىسفىجابنى تارتىۋالدى، ئارقىدىنلا 992 - يىلى يەتتە سۇدىن قوشۇن تارتىپ چىقىپ سامانىلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى ۋە بۇخارانى ئالدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي، ھارۇن بۇغراخان كېسەل بىلەن ئۆلدى. جەسىدى قەشقەر بەشكېرەم قاراساقال كەنتىگە دەفنە قىلىندى ۋە قىلىچ بۇغراخان مازارى دەپ ئاتالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، سامانىلار ھۇجۇم قىلىپ بۇخارانى يەنە

تارتىۋالدى.

ئەلى ئارسلانخان 998 - يىلى خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە شېھىد بولدى ۋە يېڭىسار بىلەن يېڭىشەھەر ئارىسىدىكى « ئوردام » دىگەن يەرگە دەفنە قىلىندى. يېڭىشەھەرنىڭ تاربوغۇز كەنتىدىكى مازارىغا بولسا ئۇنىڭ بېشى دەفنە قىلىنغان.

يېڭىدىن قاغان بولغان ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ئەھمەت توغانخان 999 -يىلى يۈسۈف قادىرخان باشچىلىقىدىكى 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى خوتەنگە ماڭغۇزدى. 1000 - يىلى پۈتۈن خوتەن ئەھلى مۇسۇلمان بولۇپ، يۈسۈف قادىرخان خوتەنگە خان بولدى.

996 - يىلى ناسىر ئىلىكخان سامانىلارغا يەنە ھۇجۇم قىلدى، بۇ چاغدا سۇبۇق تىكىن يۈز ئۆرۈپ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىپ سامانىلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە سامانىلار زېمىننى بۆلىشىۋىلىش ھەققىدە ناسىر ئىلىكخان بىلەن بىتىم تۈزدى. ئۇيغۇر قارلۇق قەبىلىسىدىن بولغان سوبۇق تىكىننىڭ ئوغلى مەھمۇت غەزنەۋى 1000 - يىلى قاراخانىلار دۆلىتى بىلەن غەزنەۋىلەر دۆلىتى ئارىسىدىكى چېگرىنى ئامۇ دەرياسى قىلىپ بەلگىلىدى. مەھمۇت غەزنەۋى قاراخانىلار مەلىكىسى بىلەن ئۆيلەندى. ئۇ شۇ يىلى ھازىرلىق قىلىپ تۇگىمەس ئۇرۇشلارنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى، 1001 - يىلى 300 پىلى بار ، 42 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بار ھىندىلارنى يېڭىپ پەنجاپ ئۆلكىسىنى پەتىھ قىلدى. 1002 - يىلى سىيىستاننى بېسىۋالدى. 10 - قېتىملىق يۈرۈشدە گانگ ۋادىسىنى ئالدى ، 13 - قېتىملىق يۈرۈشدە 150 مىڭ كىشىلىك ھىندى قوشۇننى تار- مار كەلتۈردى. 16 - قېتىملىق يۈرۈشدە گوجارات رايوننى ئىگەللىدى. بىر قېتىملىق ئۇرۇشتىلا 20 مىليون كۈمۈش پۇل، 57 مىڭ چىرايلىق قىز ۋە 350 پىل ئولجا ئالدى. 1015 - يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 100 مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادىگە، پىلى 500 گە يەتكەن.

1017 - يىلى 100 مىڭ كىشىلىك قىتان بۇددىستلىرى قاراخانىلار زېمىنىگە بېسىپ كىرىپ ئالتاي، ئىلى رايوننى ئاياق - ئاستى قىلدى. قاراخانىلار قاغانى ئەھمەت توغانخان بالاساغۇندىن ھۇجۇم قىلىپ قىتان ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ 10 مىڭ

ئەسكىرىنى ئەسىر ئالدى.

1026 - يىلى يۈسۈف قادىرخان قايتا ئىسيان كۆتەرگەن خوتەن ۋە ئىدىقۇت قاغانلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى تىنجىتتى.

1041 - يىلى ئېرتىش، بالقاش بويلىرىدىكى ياباقۇلار، باسمىللار، چۆمۈللەر ۋە يەمەكلەر ئىسيان كۆتەرگەندە سۇلايمان ئارسلانخان باشچىلىقىدىكى 40 مىڭ كىشىلىك قاراخانىلار قوشۇنى 700 مىڭ قوشۇنى بار ئىسيانچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ بويسۇندۇردى ھەمدە شامان دىنىدىكى خەلقلەرنى مۇسۇلمان قىلدى.

1134 - يىلى قىتانلار بالاساغۇننى بېسىۋالدى.

1136 - يىلى قىتانلار قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى.

1138 - يىلى غەربى قاراخانىلار قاغانى مەھمۇتخان 2 ، غوجەنتتە قىتان خانى گۈرخان بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولدى. 1141 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى كاتۋان ئۇرۇشىدا قاراخانىلار ۋە سەلجۇقىلار قوشۇنىدىن 30 مىڭ ئەسكەر ئۆلۈپ، دۆلەت قىتانلارغا قارام بولدى.

1209 - يىلى ئىدىقۇت پادىشاھى بائۇرچۇق ئارت تېكىن قىتانلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتتى.

1212 - يىلى نايمان خانى كۈچلۈكخان قەشقەرنى بېسىۋالدى ۋە شەرقى قاراخانىلار دۆلىتىنى مەغلۇپ قىلدى. قىتانلار ھاكىمىيىتى نايمان خانلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئىسلامىيەتنىڭ ئورنىغا چىققان خىرىستىيانلار يالغۇز خوتەندىلا 3 مىڭ ئىسلام ئۆلىماسىنى ئۆلتۈردى.

1218 - يىلى چىڭگىزخان قوشۇنلىرى ئىسسىقكۆل بويىدىكى ئۇرۇشتا نايمان خانىنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ دەۋرلەردە ھاكىمىيەت بېشىدىكى مۇسۇلمانلار بىر - بىرى بىلەن ئىچكى زىددىيەت تۈپەيلى ئۇرۇشۇپ، ئاخىرىدا ئىسلام ھاكىمىيىتىنى ياتلارغا تارتقۇزۇپ قويدى.

پۈتۈن تۈركىستاندا ئىسلامىيەتنى كەڭ تارقاتقان قاراخانىلار ئۇيغۇر دۆلىتى شۇنىڭ بىلەن زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. ئەمما چىڭگىزخان دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىچكى

مۇستەقىللىقىنى ۋە ئىسلام دىنىنى قوغداپ قالدى.
1275 - يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر قاغانى قوجغار تېكىن ، موڭغۇل قايدۇخاننىڭ 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا قارشى ئىدىقۇت شەھىرىنى 6 ئاي قوغداپ ، ئاخىرىدا ئۆزىگە ياتلىق قىلىنغان موڭغۇل قىزىنى قايتۇرۇپ بېرىپ شەھەرنى قوغداپ قالدى. شۇنىڭدەك 1335 - يىلغىچە موڭغۇللارغا بېقىندى بولۇپ، يېرىم مۇستەقىل هالدا ياشىدى. شۇ يىلى چاغاتاينىڭ مۇسۇلمان خانى تارماشىرىن تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىپ چاغاتاي زېمىنلىرىغا قوشۇۋېلىندى. ئەمما ئاللىقاچان دېهقانچىلىق، قول - هۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا - تىجارەتكە قەدەم قويغان ئۇيغۇرلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە موڭغۇللارنى ئۇيغۇرلاشتۇرۇپلا قالماستىن، مۇسۇلمانلاشتۇردى. شۇڭا چاغاتاي ئەۋلاتلىرى 1266 - يىلى مۇبارەك شاھ دەۋرىدىلا مۇسۇلمان بولغان ئىدى. 1309 - يىلى ئىسەن بۇقا دەۋرىدە چاغاتاي ئۇيغۇر دۆلىتى رەسمى قۇرۇلدى.
1326 - يىلى چاغاتاي خانى تارماشىرىن خۇراسان رايونىدىكى موڭغۇللارغا يۈرۈش قىلىپ ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلدى. 1329 - يىلى هىندىستاننىڭ دېهلى شەھىرىگە قەدەر فەتھ قىلدى.
1353 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلامنى دۆلەت دىنى ئېلان قىلدى. ئۇ 160 مىڭ موڭغۇلنى مۇسۇلمان قىلدى. 1393 - يىلى خىزىر خوجا تۇرپانغا، قاراخوجىغا، 1397 - يىلى قومۇلغا فەتھ قىلىپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلقىنى مۇسۇلمان قىلدى. بىر قىسىم بۇددىستلارنىڭ بۇدقا چوقۇنىشىغا روخسەت قىلدى.
شەرقى تۈركىستاندا تەسەۋۋۇپچىلىق :
1514 - يىلى ئىچكى ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن پارچە- پارچە بولۇپ كەتكەن تۈركىستان زېمىنىدىكى مۇسۇلمانلارنى سۇلتان سەئىدخان بىرلىككە كەلتۈرۈپ سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇردى. سەئىدىيە قاغانى ئابدۇرىشتخان 1536 - يىلىدىن 1538- يىلغا قەدەر تۇرپان ۋە يەتتە سۇ هۆكۈمدارلىرى مەنسۇرخان ۋە توغومنى مەغلۇپ قىلىپ ، 1545 - يىلى هەقنەزەرخاننىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ پۈتۈن تۈركىستاندا هاكىمىيىتىنى كۈچەيتتى. ئابدۇكېرىمخان دەۋرىدە نەخشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ قارا تەكىيە سۇلۇكىگە ئاساس سالغۇچى ئىسهاق خوجا

سەمەرقەنتتىن قەشقەرگە، يەكەنگە كەلدى ۋە قاغان ئوردىسىدىن باشلاپ مەزھەپكە مۇرىت توپلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقى تۈركىستاندا تەسەۋۋۇپچىلىق تەلىماتىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىشقا باشلىدى.

باشتىن ـ ئاياق ئىزچىل هالدا سۇنئى مەزھىپىدىكى يەرلىك مۇسۇلمانلار بىلەن غەربى تۈركىستان ئارقىلىق ئىراندىن كەلگەن تەرىقەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا باشلانغان زىتلىق جەمىيەتتىكى ئاساسى كۆرەشكە ئايلاندى. ئۇنى ئازدەپ قارا تاقىيەلىك خوجىلار يەكەننى، ئاق تاقىيەلىك خوجىلار قەشقەرنى مەركەز قىلىپ دۈشمەنلىششكە باشلىدى. بۇ كۆرەش ئاخىرىدا گۇللىنۋاتقان ۋە بىرلىككە كەلگەن شەرقى تۈركىستان سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىۋەتتى ۋە ئىچكى زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرىۋەتتى.

پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئۆزبەك، قىرغىز قوشۇنلىرى 1590 ـ يىلى قەشقەر ۋە ئاقسۇغا زور كۆلەملىك هۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ تار ـ مار قىلىندى. تۇرپانغا هۇجۇم قىلغان قالماقلار چېكىندۈرۈلدى.

1639 ـ يىللىرى پامىردىكى قىرغىزلار، ئىلىدىكى قازاقلار، ئاقسۇدىكى خان ئەۋلادلىرى مۇستەقىللىق تۇپۇلاڭلىرى قىلغان بولسىمۇ ئابدۇللاخان ھەربى يۈرۈش قىلىپ ھەممىسىنى تىنجىتتى. 1645 ـ يىلى بىلۇجىستاننى ئىگەللەپ هاكىميەتنى ئۆزىگە قاراتتى.

1660 ـ يىللىرى جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى خۇنتەيجىنىڭ ئوغلى زەڭگى ئىلى ۋادىسىنى ھەمدە تۇرپان، قۇمۇللارنى بېسىۋېلىپ سەئىدىيەنىڭ ئىسلام هاكىميىتىنىڭ زېمىنىنى كىچىكلىتىپ قويدى. 1664 ـ يىلى چەرچەندىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ هۇجۇمى چېكىندۈرۈلدى. يەنە شۇ يىلى بۇخارا بىلەن خىۋە ئارىسىدىكى ـ ئابلىزخان بىلەن ئوبۇلغازى باھادىرخان ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق ئۇرۇشتىن كېيىن نۇرغۇن ئاهالىلار شەرقى تۈركىستاندىكى قەشقەر ، يەكەنلەرگە كۆچۈپ كېلىشكە باشلىدى. بۇلار بىلەن نۇرغۇن خوجىلار «پەيغەمبەر ئەۋلادى» نىقاۋى بىلەن بىللە كەلدى. يەكەندە يەهيا خوجىنىڭ ، قەشقەردە ھىدايىتۇللاھ ( ئاپپاق ) خوجىنىڭ مۇرىتلىرى كۆپىيىشكە، خوجىلارنىڭ ئىشانلىق تەرغىباتلىرى هاكىمىيەت بېشىغا قەدەر

كېڭىيىشكە باشلىدى.

1666 ـ يىلى ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى ـ قەشقەر ۋالىسى يولۋاسخاننى ھىدايىتۇللاھ ( ئاپپاق ) خوجا قۇترۇتۇپ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى ۋە سەئىدىيە ھۆكۈمدارلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئاپپاق خوجا ئەڭ دەسلەپ ئۆلۈپ كەتكەن دادىسى ئۈچۈن قەشقەر ياغدۇدا ھەشەمەتلىك مازار ياسىتىپ «ھەزرىتى مازار » دەپ ئېلان قىلدى. شەرقى تۈركىستانغا كىلىپمۇ باقمىغان نۇرغۇن «ئەۋلىيا » ، كىشىلەرنىڭ نامىغا زىيارەتگاھ ـ گۈمبەزلەرنى ياساتتى. قەبىھ ۋاستىلار بىلەن خەلقنى تەسەۋۋۇپچىلىق قاراشلىرىغا زورلىدى. ئاخىرىدا پۈتۈن شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا قارشى ھالدا بۇددىست جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تاپىنىنى يالاپ ، 1680-يىلى جۇڭغارلار قوشۇنىنى شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈستىگە باشلاپ كىلىپ ھۇجۇم قوزغاپ، 164 يىل ھۆكۈم سۈرگەن مۇسۇلمان دۆلەت ـ شەرقى تۈركىستان سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنى يىقىتىپ تاشلاپ ، ئۆزى تەختكە چىقتى.

ئاپپاق خوجىنىڭ قەشقەردىكى لەنەتلىك قەبرە گۈمبىزى بۈگۈنگە قەدەر سۈيقەستچى، ساتقىن، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە سازايى قىلىنماقتا.

## 3 . ئىسلامىيەتكە قارشى دۈشمەنلىكلەر

جۇڭغار بۇددىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى :

ساتقىن ئاپپاق خوجا شەرقى تۈركىستاننىڭ يېرىمىنى بېسىۋالغان جۇڭغارىيە ھاكىمىيىتىگە قالغان يېرىمىنىمۇ سوغات قىلىپ بېرىۋەتتى. جۇڭغارلارغا ھەر ئايدا 100 مىڭ تەڭگە، غالدانغا شەخسى 4 مىڭ تەڭگە پۇل بېرىش شەرتى بىلەن ئاپپاق خوجا قورچاق باشلىق بولىۋالدى. چاروسىيە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھەربى قوللىشىغا ئېرىشكەن غالدان جۇڭغار ئەسكەرلىرىنى باشلاپ غەربى تۈركىستانغا ۋە

موڭغۇلىيەگە يۈرۈش قىلدى. 1697 ـ يىلى غالدان ئۆلگەندىن كېيىن سۇاڭ ئاراپتان يەنە داۋاملىق پۈتۈن تۈركىستانغا قوشۇن تارتىپ قانلىق قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق ئېلىپ باردى. 1757 ـ يىلى خىتاي چىڭ سۇلالىسى پادىشاسى چيەنلۇڭ بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ شەرقى تۈركىستان زېمىنلىرىنى ئىگەللەپ ئېلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا باشلىدى.

مانجۇ ـ خىتاي بۇددىستلىرىنىڭ تاجاۋۇزى:

1758 ـ يىلى ئون مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرى بىلەن خىتاي گېنېرالى يارخاشەن كۇچارنى قورشىۋالغان بولسىمۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. ئارقىدىن بۇ تاجاۋۇزچى قوشۇنغا جاۋخۇي تەيىنلەندى. بۇ ھاكاۋۇر گېنېرال ئاقسۇدا ئۆزىگە تەسلىم بولغانلارنى قوشۇپ ئالدىراپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى. يەكەندىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە جاۋخۇينىڭ ئەسكەرلىرىنى ئالداپ پارچىلاپ تاشلاش تاكتىكىسى بىلەن تار ـ مار قىلدى. ئېتىغا ئوق تەككەن گېنېرال جاۋخۇي ئارانلا قېچىپ قۇتۇلدى. يەكەن قىسىملىرى جاۋخۇينىڭ قارارگاھىنى ئۈچ ئايغا قەدەر قورشىۋالدى. يىل ئاخىرىدا جاۋخۇيگە ياردەمگە كەلگەن گېنېرال نامجارنىڭ قوشۇنلىرىمۇ تامامەن تار ـ مار قىلىندى. ئارقىدىن فۇدى باشچىلىقىدا يەنە ياردەمگە كەلگەن نۇرغۇن خىتاي ئەسكەرلىرى جاۋخۇينىڭ قارارگاھىغا يېتىپ كەلمەيلا ئۆزلىرى قورشاۋغا چۈشۈپ قالدى. چىڭ سۇلالىسى بۇ ئېغىر ئەھۋالنى ئاڭلاپ ئارگۇن يىتەكچىلىگىدە ھېساپسىز ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ ئۇرۇشقا كىردى. يەكەندىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنى كېچە ـ كۈندۈز قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلىپ دۈشمەنىنىڭ ھەيۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ يەكەننى جان تىكىپ قوغدىدى. زەربىگە چىدىمىغان خىتاي ئەسكەرلىرى مۇھاسىرىنى ئۈچ يەردىن يېرىپ ئاقسۇغا قېچىپ كەتتى.

1759 ـ يىلى پۈتۈن خىتاي ئەسكەرلىرى ئاقسۇغا توپلاندى. ئۇلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى 30 مىڭدىن، تۆگىلىك ئەسكەرلىرى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. قومۇلدىن ئاقسۇغا قەدەر پۈتۈن تۈركىستان يۇرتلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ ، خەلقنى

قىرغىن قىلىپ ، نۇرغۇن ئارقا سەپ تەمىناتىغا ۋە تۇتقۇن ئەسكەرگە ئېرىشكەن جاۋخۇي قىسىملىرى خوتەن ، قەشقەر ۋە يەكەنگە بىرلا ۋاقىتتا تەڭ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان خوجىلار زور ياردەمگە ئېرىشەلمىدى. خوتەن ۋە قىرغىز رايونلىرى خىتايلارغا تەسلىم بولدى. شۇ سەۋەپتىن خىتاي ئەسكەرلىرى ناھايىتى زور چىقىم بېرىپ قەشقەر بىلەن يەكەننى ئالغان بولسىمۇ بۇرھانىدىن ۋە خان خوجىلار پامىرغا چېكىندى. ئۇ يەردە يەنە تىركىشىپ خىتايلارنى چوڭ چىقىمغا ئۇچراتتى. قات ـ قات قورشاۋدا قالغان خوجىلار قوشۇنى تەسلىم بولغانلارنىمۇ قىرىپ ئۆلتۈرىۋاتقان خىتايلارنى كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، قورشاۋنى يېرىپ بەدەخشان تەرەپكە چېكىنىپ كەتتى. خىتاي ئەسكەرلىرى ئىچىدە قومۇلدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەرمۇ جەڭگە قاتناشتى.

ئەسلىدە خىتاي ھۆكۈمدارلىرى ئۇزۇن مۇددەت سۇيىقەستلىك پىلان تۈزۈپ خوجىلار بىلەن يەرلىك ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ، زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچى بىلەن ئۇيغۇلارنى ۋەيران قىلدى. قارا تاغلىق ۋە ئاق تاغلىق بولىۋالغان خوجىلار ئەۋلاتلىرى بولسا خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇچۇن ئەڭ قولاي شارائىتنى ھازىرلاپ بەردى. شۇنداق قىلىپ خىتاي چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنى ۋى 200 مىڭدىن ئارتۇق كۆچمەنلىرى شەرقى تۈركىستانغا بېسىپ كىرىپ مۇسۇلمانلارنى خالىغانچە قىرغىن قىلدى، مىچىتلەرنى چاقتى، موللىلارنى ئۆلتۈردى. ئۇيغۇرلار شۇ كۈنلەردىن ئىتىبارەن خىتاي ئەسكەرلىرىنى باقىدىغان تېرىمچىلارغا ئايلىنىپ قالدى. مانجۇلار 1768 ـ يىلى 8000 مىڭ ئۆيلۈك ئۇيغۇرنى يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىپ ئىلى بوزيەرلىرىدە بۇغداي تېرىشقا يۆتكىدى. باج ـ سىلىق، ھاشار دەستىدىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنى باش كۆتىرەلمەس قىلىۋەتتى. خىتايلار خەلقتىن يىغىۋالغان باج پۇللىرىغا خام ـ بوز ، چەكمەن، پاختا ، چارۋا مەھسولاتلىرىنى سېتىۋېلىپ ، ئۇنى نەچچە ئون ھەسسە قىممەت باھادا يەنە خەلققە سېتىپ ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ مەركىزىگە توشۇدى. خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئىسلامىيەتنى يوق قىلىش يولىدا پىلانلىق ھالدا ئىش ئېلىپ باردى.

1 ـ ئىسلامى ھاكىمىيەتنى يوق قىلىپ ھوقۇقنى ھەربى ھۆكۈمەتكە مەركەزلەشتۈردى.
2 ـ ئىسلامى سوت ـ قازىلىقنى بىكار قىلىپ، ھەربى سوت ئىچىپ ئۆزى باشقۇردى.
3 ـ ئۆشرە ـ زاكات ، سەدىقىلەرنى بىكار قىلىپ ئۆزلىرى باج يىغدى، ۋەقپى يەردىنمۇ باج ئالدى.
4 ـ ئەمەلدارلىق نەسەبىنى بىكارقىلىپ، خوجىلارنى يۆتكەپ ئىشلىتىپ ئىمتىيازىنى يوق قىلدى.
5 ـ ئەرەپ ـ ئۇيغۇر يېزىقىنى چەكلەپ، مانجۇ ـ خىتاي يېزىقىنى مەجبۇرى ھۆكۈمران قىلدى.
6 ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئادەتلىرىنى چەكلەپ، مانجۇچە كىيىنىش، كۈكۈلا قويۇشقا زورلىدى.

200 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان مانجۇ ـ خىتاي ئىستىلاسى داۋامىدا شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئۇيغۇرلار ئاللاھ قا بولغان ئېتىقادى ۋە ئىسلامىيەتكە بولغان ساداقىتىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىدى. 1765 ـ يىلى ئۇچتۇرپان دېھقانلىرى قوزغىلاڭ كۆتەردى. 1815 ـ يىلى قەشقەردە قاراتاغلىق زىياۋۇدۇن باشچىلىقىدا خەلق قوزغىلاڭ كۆتەردى. 1820 ـ يىلى ئاق تاغلىقلاردىن جاھانگىر خوجا قوزغۇلۇپ قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەنلەرنى فەتىھ قىلدى. 1826 ـ يىلى قىرغىز قەبىلىرىنىڭ باشلىقى تايلاق خەلقنى باشلاپ چىقىپ مانجۇ ـ خىتاي ئەسكەرلىرىنى قىرغىن قىلدى. 1830 ـ يىلى يۈسۈف خوجا باشچىلىقىدا خەلق قوزغالدى. 1912 ـ يىللىرى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدا قومۇل دېھقانلىرى قوزغۇلۇپ مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنى غۇلىتىپ تاشلىدى. 1930 ـ يىلى خوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدا شەرقى تۈركىستان خەلقى قوزغۇلۇپ ئۇرۇمچىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. 1932 ـ يىلى مەھمەت ئىمىن بۇغرا ئەسكەرلىرى خوتەننى فەتىھ قىلدى. 1933ـ يىلى ساۋۇت داموللا قاتارلىقلار قوزغۇلۇپ قەشقەرنى فەتىھ قىلىپ « شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » نى قۇردى. 1944ـ يىلى ئىلى خان تۆرە، ئەخمەتجان قاسىملار قۇراللىق قوزغىلاڭ بىلەن قانلىق ئۇرۇشلار قىلىپ « شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى

» نى قوٗردى.

1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا روس كومموٗنىستلىرى ئۆز جاسوسلىرىدىن پايدىلىنىپ شەرقى توٗركىستان جوٗمھوٗرىيىتىنىڭ ھەربى ھوقوقىنى قولىغا كىرگوٗزىۋىلىپ، جوٗمھوٗرىيەت رەھبەرلىرىمىزنى سۇيقەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ، شەرقى توٗركىستاننى « يالتا شەرتنامىسى » بويىچە خىتايلارغا تۇتۇپ بەردى. شۇندىن باشلاپ شەرقى توٗركىستان مۇسۇلمانلىرى خىتاي كومموٗنىستلىرىنىڭ ئېغىر زۇلمى ئاستىدىكى مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ ئىنسانىيەت كۆرمىگەن ئىسكەنجىگە دۇچ كەلمەكتە.

## 4 . خىتاي كومموٗنىستلىرىنىڭ دىنى دۈشمەنلىگى

خىتاي كومموٗنىستلىرى شەرقى توٗركىستان مۇسۇلمانلىرىنى جوٗملىدىن ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىش مەقسىدىدە ئەجداتلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، ئۇلاردىن نەچچە يۈز ھەسسە ھىلىگەرلىك ۋە غالجىرلىق بىلەن سىياسى ئالدامچىلىق ۋە قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. خىتاي كومموٗنىستلىرىنىڭ شەرقى توٗركىستاندا يوٗرگوٗزگەن دىنى سىياسىتى 5 باسقۇچتىن ئىبارەت:

1 . باسقۇچ : 50 ـ يىللاردا « مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىش، زومىگەر بەگلەرنى باستۇرۇش » ئالدامچىلىقى بىلەن دىنى ئۆلىمالارنى، بىلىملىك زاتلارنى ئاشكارا قانلىق باستۇردى. مۇسۇلمان ئارمىيىسىنى پارچىلاپ، يۆتكەپ، قىسقارتىپ، قوماندانلىرىدىن ئايرىپ ئاستا ـ ئاستا يوق قىلىپ تاشلىدى.

2 . باسقۇچ : 60 ـ يىللاردا « ئاتىزىم تەربىيەسى » ـ دىنسىزلىق ھەرىكىتى قوزغاپ، تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، ناماز ئوقىغانلارنى كەمسىتىپ، چەتكە قېقىپ، ناماز ئوقىمىغانلارنى كۆككە كۆتۈرۈپ، بەش پەرزدىن ۋاز كەچكەن « مۇسۇلمانلار » نى كۆپەيتىشكە ئۇرۇندى. يالغان دىنى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، دىنى پائالىيەتلەرنى كونترول قىلدى. دىنى زاتلار بىلەن خەلق ئارىسىدا پىتنە پەيدا قىلدى.

3 . باسقۇچ : 70 ـ يىللاردا ئاشكارا قانلىق باستۇرۇش ئېلىپ باردى. مىچىتلەرنى

چاقتى، تارتىۋالدى، چوشقا باقتى. ناماز ئوقىغانلارنى سازايى قىلدى. يوشۇرۇن دىنى تەشكىلاتلارنى باستۇردى. دىنى يىتەكچىلەرنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. قانۇنلىرىنىمۇ قايرىپ قويۇپ ئىسلامىيەتنى يوق قىلىشقا ئۇرۇندى.

4 . باسقۇچ : 80 ـ يىللاردا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش، مۇسۇلمان دۆلەتلەرگە ئىقتىسادى ھۇجۇمنى كۈچەيتىش مەقسىدىدە، ساختا دىنى ئەركىنلىك سياسىتى يۈرگۈزۈلدى. « دىنغا ئىشەنمەسلىكنى تەشۋىق قىلىش ئەركىنلىگى » نىقابىدا يەنىلا تەشۋىقاتتا يالغان ئەركىنلىك شۇئارى ، ئەمىلىيەتتە قاتتىق چەكلەش تەدبىرى داۋام قىلدى. دىنى مەكتەپ ۋە زاتلارنى يۇشۇرۇن تەقىپ قىلدى.

5 . باسقۇچ : 90 ـ يىللاردا پۈتۈن دىنى ئورگانلار، مىچىتلەر كونترول قىلىندى. مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىش چەكلەندى. دىنى مەكتەپلەر تاقالدى. مىچىت ئىماملىرى كوممۇنىستلار تەرىپىدىن بەلگىلەندى. يۇشۇرۇن دىنى تەشكىلات ئەزالىرى ھەتتا ئىسلامى بىلىم ئالغان تالىپلار قولغا ئېلىندى. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. نارازىلىق بىلدۈرگەنلەر كوللىكتىپ تۇتقۇن قىلىندى، كوچىلاردا ئوققا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

## 5 ـ ئىسلامىيەتنىڭ شەرقتىكى پولات قورغىنى

شەرقى تۈركىستان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان 11 ئەسىردىن بۇيان ئۈچ تەرىپىنى قورشاپ تۇرغان روس، خىتاي، تىبەت كافىرلىرىنىڭ ھىساپسىز ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇپ ، بۇ ئىسلام ئۆلكىسىنى قوغداپ كەلدى ۋە ئىسلامىيەتنى ئەتراپقا تارقاتتى.

ئاللاھ قا بولغان ئېتىقادى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا بولغان ساداقىتى، ئىسلامىيەتكە بولغان ئىشەنچىسىنى بىر مىنوتمۇ يوقاتمىغان شەرقى تۈركىستان ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقتىكى پولات قورغىنىغا ئايلاندى. ئەسىرلەردىن بېرى مىليونلارچە شىھىد بېرىپ خىتاي ئىستىلاسىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا

قاراتقان تاجاۋۇزىنى جانپىدالىق بىلەن توسۇپ كەلدى. 200 قېتىمدىن ئارتۇق غازات ئۆرۈشى قىلىپ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ ئىسلامى شەرىپىنى قوغدىدى.

بۈگۈنكى كۈندە شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى كۆپ قىسمى ئاشكارا، بىر قىسمى يوشۇرۇن بەش ۋاقت ناماز ئوقۇيدۇ. بىرئاي روزا تۇتىدۇ. زاكات ۋە ھۆشرەلىرىنى ھۆكۈمەتتىن يوشۇرۇن ھالدا كىرە كلىك يېرىگە بېرىدۇ. پۈتۈن ئىمكانلىرى بىلەن ھەجگە بارىدۇ. رامىزان، قۇربان بايراملىرىنى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزىدۇ. ھازىر پۈتۈن شەرقى تۈركىستاندا 3000 مىڭغا يىقىن مىچىت ـ جامى بولۇپ، كۆپ قىسمى خەلق تەرىپىدىن يېڭى سىلىنغان ياكى ھۆكۈمەتتىن تۆلۈتۈپ ئېلىنغان. شەرقى تۈركىستاندا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن ناھىيە، شەھەر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىسلام جەمىيەتلىرى ۋە ئىسلام ئىنىستىتودىكى، شۇنىڭدەك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ زور كۆپ قىسمى قانۇنى يوللار ئارقىلىق ئىسلامىيەتنى قوغدايدۇ ۋە ئېتىقادىنى يوشۇرۇن داۋاملاشتۇرىدۇ.

بۈگۈنگىچە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھىچقانداق ماددى ياكى مەنىۋى ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى 1990 ـ يىللاردىن كىيىن ئارقا ـ ئارقىدىن 3 قېتىم زور كۆلەملىك قۇراللىق ئۆرۈش ئىلىپ بېرىپ مۇستەقىللىق ئۈچۈن شېھىد بەردى. ھازىر يەنە پەقەت ئاللاھ نىڭ مەدىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىسلامى ۋىجدانىنى قوغداپ كەلمەكتە ۋە مۇستەقىل مۇسۇلمان دۆلەت قۇرۇش يولىدا كۆرەشمەكتە.

www.uyghurkitap.com

# 7 ـ باب شەرقى تۈركىستاندىكى كوممۇنىزىم پاجىئەسى

1949 ـ يىلى باشلانغان كوممۇنىزىم ئىستىلاسى شەرقى تۈركىستاندا هازىرغا قەدەر داۋاملاشماقتا. شەرقى تۈركىستاندا سىياسى، ئىقتىسادى، ماددى، مەنىۋى ۋە ئىنسانى ، مىللى جەھەتلەردە كۆندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان ئېكسپولاتاتسىيە ۋە زۇلۇم شەرقى تۈركىستاننى ختاي كوممۇنىستلىرىنىڭ خام ئەشيا ئامبىرىغا، ئاتوم سىناق بازىسىغا، جىنايەتچىلەر لاگىرىغا، كۆچمەن ـ ئاققۇن ختاي رايونىغا، ختايلارنىڭ جەننىتى، مۇسۇلمانلارنىڭ دوزىقىغا ئايلاندۇردى.

ختاي كوممۇنىستلىرى شەرقى تۈركىستاننىڭ هاكىمىيەت هوقوقىنى ۋە خەلقنىڭ ئىنسانى هەقلىرىنى تامامەن ئىگەللىۋېلىپ، يەرلىك خەلقنىڭ مىللى كىملىك ۋە دىنى ئەركىنلىگىنى دەپسەندە قىلىپ، يەر ئاستى ـ يەر ئۈستى هىساپسىز بايلىقلىرىنى خالىغانچە تالان ـ تاراج قىلىپ ، ئاتوم سىناقلىرى ۋە هەربى مانىۋىرلىرى بىلەن مۇهىتنى بۇلغاپ، دۇنياغا تەهدىت سېلىپ، ئەلمىساقتىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى بولغان بۇ زېمىننى ئىگەللەپ ئېلىپ، ختاي كۆچمەنلىرىنىڭ جەننىتىگە ئايلاندۇرۇش غەرىزىدە « قانۇنلۇق »، پىلانلىق، سۇيىقەستلىك هەرىكەتلىرىنى بارغانسىرى جىددىيلەشتۈرمەكتە .

## « ئاپتونوم رايون » دىكى مىللى ۋە ئىنسانى هوقوق

ختاي كۆممۇنىستلىرى 1949 ـ يىلى شەرقى تۈركىستانغا كىرىشتە، مىللەتچى ختاي ئارمىيىسىنى يوقۇتۇپ، يۇرتنى تىنچلاندۇرغاندىن كىيىن چىقىپ كىتىش شەرتى ـ كېلىشىمنامىسى بىلەن كىرگەن ۋە شەرقى تۈركىستان جۇمهۇرىيىتى بىلەن بىرلىكتە هاكىمىيەت باشقۇرغان. ختاي كوممۇنىستلىرى روسلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن شەرقى تۈركىستان جۇمهۇرىيىتى ئارمىيىسىنى تەركىۋىگە قوشۇۋالغاندىن

كىيىن، قوماندانلارنى ئەسكەردىن، ئەسكەرلەرنى خەلقتىن ئايرىۋېتىپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇش، مىللىي خائىنلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى. 1952 - يىلى جاللات ۋاڭ جېن قوماندان - ئوفىتسېرلارنى تەربىيەلەش باھانىسىدا لاگېرلارغا يىغىۋېلىپ، « زومىگەرلەرنى باستۇرۇش » ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى ، دىنىي ئۆلىمالارنى ھەتتا بىرقىسىم ھەربىي قۇماندانلارنى كۆرەش قىلىپ ، قولغا ئېلىپ، قانلىق باستۇردى. قورچاق سابىق رەئىس بۇرھان شەھىدىنىڭ ئېقرارىچە 120 مىڭ يەرلىك زىيالىي ئۆلتۈرۈلگەن. 1955 - يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاندا « شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » نامىدىكى ھۆكۈمەت شەكلىنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى ۋە ئاساسقانۇنىدا قانۇنلاشتۇردى. ئاساسى قاتلامدىن - ئەڭ يۇقىرىغىچە ئەمەلدار تەيىنلەش ھوقۇقى كوممۇنىستىك پارتىيە « شىنجياڭ كومىتېتى» نىڭ تەشكىلات بۆلۈمى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەچكە شۇنداقلا ھۆكۈمەت رەئىسى چوقۇم پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇشى شەرت بولغاچقا، بۇ « ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى » ئەمەلىيەتتە كومپارتىيە شۆبىسىنىڭ بىربىيورۇسىدىن ئىبارەت قورچاق ھاكىمىيەتكە ئايلىنىپ قالغان.

كوممۇنىستىك پارتىيە « شىنجياڭ كومىتېتى » ھوقۇق پەۋقۇلئاددە مۇتلەق مەركەزلەشكەن ئەڭ ئالىي ھوقۇق ئورگانى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇنىڭ باشقۇرىشىدا « شىنجياڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت » بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق بولغان ئەمما بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان « شىنجياڭ ھەربىي رايونى قۇماندانلىق شتابى » ، « ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى قۇماندانلىق شتابى » ، « دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسى قۇماندانلىق شتابى » ، « كوممۇنىستىك پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى » ، « سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى » ، « خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى » قاتارلىق ئورگانلار بار. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، شەرقىي تۈركىستاندا جەمئىي سەككىز « ھۆكۈمەت » بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باشلىقلىرى كوممۇنىستىك پارتىيە « شىنجياڭ كومىتېتى » نىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدۇر. تەشكىلىي جەھەتتە ھەممىسىنىڭ ناھىيەلەرگىچە ھەتتا زاۋۇت - كان ، يېزىلارغىچە شۆبىلىرى بار بولۇپ ، شۇ يەرلەردىكى پارتىيە سېكرېتارلىرىنىڭ

بۇاستە باسقۇرۇشدا قورچاق ئىجراچى سۈپىتىدە جىزمەت ئىلىپ باردۇ .

شەرقى تۈركىستاندا ھوقوقنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە كومىتىتلىرىغا مەركەزلەشكەنلىگىنىڭ ئەڭ كىچىك ۋە تىپىك مىسالى: شەھەرلەردىكى ئاممۇى ھاجەتخانىلار تازىلىق ھەيئىتى تەرىپىدىن، تازىلىق ھەيئىتى سەھىيە ئىدارىسى تەرىپىدىن ، سەھىيە ئىدارىسى بولسا پارتىيە كومىتىتىنىڭ تەشۋىقات مىنىستىرلىگى تەرىپىدىن باشقۇرىلىدۇ . شەھەر يېزىلاردىكى مىچىتلەر ـ مىچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى تەرىپىدىن ، مىچىت باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى ئىسلام جەمىيتى تەرىپىدىن، ئىسلام جەمىيتى پارتىيە كومىتىتىنىڭ مىللى ئىشلار بىرلىكسەپ مىنىستىرلىگى تەرىپىدىن باشقۇرىلىدۇ . قانۇن، پەرمان، سىياسەت، بەلگىلىمە ، ئۇقتۇرۇشلار پارتىيە كومىتىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ . باشقىلار ئىجرا قىلىش رولىنى ئوينايدۇ .

شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمىتى تىرىتورىيە جەھەتتە 7 ۋىلايەت ۋە 5 ئوبلاستقا ئايرىلغان ، ۋىلايەتلەر ئىچىدە يەنە ئاپتونوم ناھىيەلەرگە ئايرىلغان. شەرقى تۈركىستان زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى تارىختىن بېرى ئەڭ كۆپ سانلىقنى ئىگەللىگەن ئاساسى ئاھالە ئۇيغۇرلارغا ئەمەس، نوپوسى بىر مىليونغا يەتمىگەن، ھەتتا 200 مىڭغا يەتمىگەن تۇڭگان، موڭغۇل، شىۋە، قازاق، قىرغىزلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن. پارچىلانغان زېمىنلاردىكى مىللەت ۋە قەبىلىلەرنى مەنپەئەت جەھەتتە بىر ـ بىرىگە كۈشكۈرتۈپ زىتلاشتۇرۇپ ھەممىسىنى شىكايەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئالدىغا كىلىدىغان قىلىپ قويغان . شۇنداق قىلىپ « ھوقوقنى مەركەزلەشتۇرۇش ، پارچىلاپ باشقۇرۇش » تىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى خىتاي سىياستى ئەينەن ھالدا يۈرگۈزۈلگەن. نەتىجىدە ھەممە يەرگە خالىغانچە خىتاي ئورۇنلاشتۇرغان.

پۈتۈن شەرقى تۈركىستان تىرىتورىيەسىنىڭ چىگرىلىرىنى بويلاپ ۋە ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان شەھەر ، ناھىيەلەرنى قورشاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان « ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى » نىڭ مىڭدىن ئارتۇق سانائەت بازىسى، 200 دىن ئارتۇق پولك ـ ناھىيە دەرىجىلىك مەيدانلىرى ئەڭ باي، سۈيى مول مۇنبەت يەرلەرنى ئىگەللىۋالغان بولۇپ، ھىچكىمنىڭ چىشى پاتمايدىغان ھەمدە ئۆز ئالدىغا سوت،

ئەدلىيە، تەپتىش ئورگانلىرى بار، قۇراللىق قىسىملىرى بار، دىۋىزىيە شتاپلىرى بار، ئالى مەكتەپلىرى بار، مالىيەسى ئايرىم، مەركەزدىن بىۋاستە پۇل ئالىدىغان مۇستەقىل پادىشاھلىق ھۆكۈمىتىگە ئايلانغان. بۈگۈنگە قەدەر، شەرقى تۈركىستاننىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىرى سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمايىل ئەمەت، تۆمۈر داۋامەت، ئابلەت ئابدۇرىشىتلارنىڭ ھەممىسى بېيجىڭ مەركىزى دائىرىلىرى تەرىپىدىن مەجبۇرى تەيىنلەنگەن. ھۆكۈمەت سايلىمى ئېلىپ بېرىشقا ھوقوقلۇق بولغان خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتى بولسا يىغىۋېلىنمايدىغان ساختا سايلام بىلەتنى تارقىتىش ۋەزىپىسىنىلا سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىدىغان ئورگانغا ئايلىنىپ قالغان. سابىق رەئىس، ھازىرقى خىتاي خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ( مۇئاۋىن دولەت باشلىقى بىلەن تەڭ دەرىجىدە ) سەيپىدىن ئەزىزى ئاكىسىنىڭ ئۆلۈمىگە، ھەتتا مۇبارەك قۇربان ھېيت بايرىمىغا 10 كۈنلۈك روخسەت ئالالماي بېيجىڭدىكى « ئالتۇن قەپەز » دە چەتئەللىك ۋەكىللەرگە كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ. سابىق رەئىس، ھازىرقى مىللى ئىشلار كومىتېتى باشلىقى ( مىنىستىر دەرىجىسىدە ) ئىسمايىل ئەمەت بېيجىڭدىكى شەرقى تۈركىستان ئىش باشقارمىسىنىڭ ئادەتتىكى ئائىلىلىكلەر بىناسىدا كىچىك كاتەكتەك ئىككى ئېغىز ئۆيدە خىتاي ئەسكەرلەرنىڭ نازارىتىدە ياشايدۇ ۋە بېيجىڭ كوچىلىرىدا ھەردائىم خىتايلار تەرىپىدىن «كاۋاپچى» دەپ ھاقارەتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك مىللەتلەرگە ئائىت باستۇرۇش سىياسەتلىرىگە ئىمزا ئىتىشقا ئىشلىتىدۇ. سابىق رەئىس، دۆلەت سىياسى كېڭەش مۇئاۋىن باشلىقى (مۇئاۋىن دۆلەت باشلىقى بىلەن تەڭ دەرىجىدە) تۆمۈر داۋامەت پەقەت ئۇيغۇرلارغا ئائىت بىر تېلىۋىزىيە فىلمى ئۈچۈن تەستىقلىغان 50 مىڭ يۈەن ( 6 مىڭ دوللار ) پۇلنى بېرىشنى رەت قىلغان قول ئاستىدىكى ئاتالمىش رەئىس ( ئۆزى ) تەيىنلىگەن پىلان كومىتېتى باشلىقىغا گېپىنى ئۆتكۈزەلمەي لاغايلاپ يۈرمەكتە. ھازىرقى رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىت پارتىيە كومىتېتى يېزىپ بەرگەن تېكىستلارنى تۈرلۈك يىغىن دوكلاتلاردا ئەينەن ئوقۇپ بېرىشتىن باشقا ئىشى يوقلىقىنى ئۆزى بىلىپ تۇرۇپ ۋە رەئىس بولىشىغا باقماي 10 مىڭ يۈەن ( 1200 دوللار ) دىن ئارتۇق پۇلغا تەستىق سىلىش ھوقوقىنىڭ يوقلىقىدىن ( ئادەتتە ئەڭ

www.uyghurkitap.com

تۆۋەن يېزا سېكرېتارى خىتايمۇ تەستىقلىيالايدىغان پۇل ) زارلانماي قورچاق رەئىس ۋىۋىسكىسىنى كۆتۈرۈپ زىياپەت يەپ يۈرمەكتە. يوقىرىدىكىلەر بۇ ھوقوقسىز قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تولۇق بېرىدىغان كىچىككىنە دەلىل بولۇپ، ئاپتونوم رايون دەپ ئاتالغان بۇ ھاكىمىيەتتىكى قالغان سولتەك ئەمەلدارلارنىڭ خىتايىنى كۆرسە خوشامەت قىلىپ ھېجىيىدىغان، ئۇيغۇرنى كۆرسە كېرىلىپ بوزەك قىلىدىغان بىرتوپ غالچىلاردىن تەشكىل تاپقانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

بۇ قورچاق ھۆكۈمەتنىڭ پەقەت بىرلا چەكسىز ھوقوقى بولۇپ ـ شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ توختىماي ئىلىپ بېرىۋاتقان تەشكىللىك ياكى ئىستىخىيىلىك، قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز، قانلىق ۋە دىموگراتىك قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇش، قاتناشچىلارنى ئېنىقلاپ پاش قىلىش، قانۇنلاشتۇرۇپ جازالاشتىن ئىبارەت. ۋەزىپىسى بولسا خىتايلارغا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت.

## شەرقى تۈركىستاندىكى زېمىن داۋاسى

سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە سىغمىغان مىليار خىتايلارنى دۇنياغا تەقسىملەپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە يىللارچە باش قاتۇرغان خىتاي كوممۇنىستىك مىللەتچىلىرى ماۋنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن شەرقى جەنوبى ئاسىيانى ئىگەللەپ ئالغاندىن كيىن ۋە روسلارنىڭ ئىزچىل توسالغۇسى سەۋىۋىدىن سىبىرىيەنى بېسىۋىلىش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغاندىن كيىن، غەرپتىن چىقىش دەرۋازىسىنى ئاچتى.

دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى بىلەن كارى بولماسلىق، مەنپەئەت ئۈچۈن يەرلىك مىللەت زېمىنلىرىنى بۆلۈشۈلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرەت تېپىشىنى توسۇشتەك قولايلىق شارائىتتىن، بولۇپمۇ روس كوممۇنىست ئىمپىرىئالىزىمىنىڭ پارچىلىنىپ، خەلقارا تەھدىت كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشىدەك

پايدىلىق پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن خىتاي كوممۇنىستلىرى 90 ـ يىللاردا سىياسىي، قانۇنىي، تارىخىي يوچۇقلاردىن يول ئىزدەپ، كەلگۈسى ھەرزامان مۇستەقىل بولۇش ئالدىدا تۇرغان شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى يۇتۇۋېلىش قارا نىيىتىنى ئاشكارىلىدى. بۇ مەقسەتتە دۇنيادا جامائەت پىكرى ھازىرلاش، شەرقىي تۈركىستاندىكى قورقۇنچ ئىچىدە تۇرىۋاتقان مىليونلارچە قوشون ۋە كۆچمەنلىرىنى خاتىرجەم قىلىش، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ خەلقارادىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى مۇستەقىللىق كۆرەشلىرىنى بېسىقتۇرۇش نىيىتى بىلەن، تارىخىي رېئاللىق ۋە پاكىتلارنى بۇرمىلاپ، ساختا تارىخچىلىرىدىن پايدىلىنىپ، يالغان تارىخ ئويدۇرۇپ چىقىرىپ « ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستانغا 840 ـ يىللىرى كۆچۈپ كەلگەن » ، «شەرقىي تۈركىستاندا ئىلگىرى باشقا مىللەتلەر بارئىدى » ، « شەرقىي تۈركىستاندا خىتايلار ياشىغان ... » دېگەندەك سەپسەتىلەرنى ھەدەپ بازارغا سالدى ۋە كۈچەپ تەشۋىق قىلدى :

840 ـ يىلدىن ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندا كىم ياشىغان ؟

مىلادىدىن بۇرۇن تارىخىي تەزكىرىلەر يېزىشقا باشلىغان خىتاي قەۋملىرىنىڭ پۈتۈن خاتىرىلىرىدە قەيت قىلىنغىنىدەك ، ئۇلار ئەترابىدىكى خوشنىلىرىغا ۋاپاسىزلىق بىلەن كېڭەيمىچىلىك قىلغان مەزگىللىرىدىمۇ ، پەقەت تارىخىي پاكىت سۈپىتىدە تۇرغان سەددىچىننى ياساش بىلەن چەكلەنگەن بولۇپ، سەددىچىننىڭ ئاتالغۇ مەناسى، جۇغراپىيىۋى ئورنى ۋە تارىخىي رولى قاتارلىق جەھەتلەردە تاكى يېقىنقى زامانلارغا قەدەر خىتاينىڭ غەربىي ۋە شىمالىي چېگرىسى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى ھېچ ئاساس تەلەپ قىلمايدىغان دۇنياۋى پاكىتقا ئايلانغان ھۆججەتتۇر . ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىدىكى بەزى يادىكارلىقلىرى، خىتاي سودىگەرلىرىنىڭ مەلۇم مەزگىللەردە شەرقىي تۈركىستاندا قوغدۇنۇش ئەسكەرلىرى بازىلىرىنى تەسىس قىلغانلىقى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا تىللارنىمۇ بىر مەزگىل ئىشلەتكەنلىكىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا ئەسلا ۋە ئەسلا خىتاي قەۋملىرى مەۋجۇت بولغان ئەمەس ! ھەمدە خىتايلارنىڭ ياشىغانلىقى ھەققىدە خىتاي تارىخچىلىرىمۇ بىر ئېغىز سۆز ئېيتىپ باققان ئەمەس

شەرقىي تۈركىستان ـ تەكتاغ ئىزمىلىرىنى مەركىزى لىنىيە قىلغان . بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

خاسىيەتلىك تاغ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى ھەمدە ئېتنىك مەنبەلىرى بولغان تۇرالار، ھونلار، ساكلار، ئۇيسۇنلار، توخرىلار، ئارىيانلار، قاڭقىللار، تۆركلەر، سوغدىلارنىڭ ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن ماكانىدۇر. مىلادى بىرىنچى ئەسىرگە ئائىت «يىلى تۇغۇلغان خىتاي تارىخچىسى سىماچەننىڭ « تارىخى خاتىرىلەر - ھون تەزكىرىسى » ناملىق بايانىدا : « ھونلار تېيەن (تەڭرى ، ئاسمان ) دىگەن سۆزنى تىڭلى ( تەڭرى ) دەپ ئاتايدۇ » دەپ يازغان بولسا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ « جۇغراپىيىلىك تەپسىرات » ناملىق كىتاۋىدا : « بېيشەندىن قىشمۇ - ياز قار كەتمەيدۇ. ھونلار ئۇنى تېيەنشەن دەپ ئاتايدۇ » دەپ يازغان. خەننامە ھون تەزكىرىسىدە: « ھونلار .... يىگىرمە ئالتە ئەلنى بويسۇندۇرۇپ جەنۇب تەرىپى يېنشەن تاغلىرىدىن شىمال تەرىپى بالقاش كۆلىگىچە، شەرق تەرىپى لىياۋخى ۋادىسىدىن غەرپ تەرىپى كۆكتارت ( پامىر) تاغلىرىغىچە بولغان دائىرىنىڭ ھەممىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ھونلارنىڭ باشلىقى تەڭرىقۇت دەپ ئاتىلىدۇ » دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇ كىتاپنىڭ « غەربىي دىيار تەزكىرىسى » دە : « غەربىي دىياردىكى دۆلەتلەرنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى مول، ھەممىسىنىڭ سېپىل ، قەلئەلىرى ، تېرىلغۇ يەرلىرى ، چارۋا مەھسۇلاتلىرى بار... ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرىدۇ» دەپ يېزىشقان. خىتايلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئىككى دەريا ئارىلىقىدا ئۆز زېمىنىنىڭ ۋەھىمىسى ئىچىدە ياشاۋاتقان دەۋرلەردىن باشلاپلا، ئۆزلىرىنىڭ شىمال ۋە غەرپ تەرىپىدىكى تۇرالار، ھونلار، ساكلار، تۆركلەر قۇرغان قۇدرەتلىك دۆلەتلەر ھەققىدە نۇرغۇن يازما ماتېرىياللارنى قالدۇرۇپ قويغان. مىلادىدىن 7 ئەسىر ئىلگىرى قۇرۇلغان ساك ئىمپېرىيىسىنىڭ قاغانى ئالپ ئارسلان ئەرتۇڭا «ھاۋاسى ياخشى بولغان ئوردۇكەنت ( قەشقەر ) تەتۇرغان » . مىلادىدىن 4 ئەسىر بۇرۇن تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار سىرىس دۆلىتىنى قۇرۇپ ئۇيغاردىس دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى قاغانلىرىدىن ئوغۇزخاننىڭ بوۋىسى ئەبۇلچەخان تەڭرىتاغنىڭ غەربىدىكى ئالاتاۋنىڭ قارا تاغ دىگەن يېرىدىكى ئىنانچ شەھرىدە تۇغۇلغان. مىلادىدىن ئەۋۋەلقى 2 - ئەسىردە ئوغۇزخان خىتاي پادىشاسى خەن

ۋىندىغا مەكتۇپ يېزىپ ئۆزىنىڭ زېمىن تېرىتورىيىسى ھەققىدە ئەسكەرتكەن. ھونلارنىڭ ئەجداتلىرى بولغان « تۇرالار مىلادىدىن مىڭ نەچچە يىللار بۇرۇنلا ئالتاي ۋە تەڭرىتاغلىرى ئارىسىدىكى ئىلى ۋادىلىرىدىمۇ ياشىغان.» (غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدىكى ماتېرىياللار 1 ـ توم 5 ـ ، 6 ـ بەتلەر )

تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار ئاتمىش يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئېگىز ھارۋىلىقلار دۆلىتى ( 487 ـ 546 ) نى قۇرغان. 487 ـ يىلى جەنۇبىي چى سولالىسى يىلنامىسىدا : « تۇرالارغا جاڭ جىڭشۈننى ئەلچى قىلىپ ئېۋەتتى. ئەلچى پىشامشان ( چارقىلىق ) ، ئۇدۇن ( خوتەن ) غا بارماقچى ئىدى.... تۇرالار ئۆزلىرىنى تەڭرىقۇت دەپ ئاتايدىكەن » دەپ خاتىرىلىگەن. سۈي سولالىسى يىلنامىسىدا : « تۇرالارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ھونلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىدى» ؛ « تۇرالارنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا جايلاشقانلىرى باغۋەنچىلىك ، دېھقانچىلىق بىلەن شوغۇللىنىدۇ. كالىسى كۆپ، يىلقىسى ئاز » ، « تۇرالارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى تۈركلەرگە ئوخشاش » دېگەنلەر خاتىرىلەنگەن .

ئارخېئولوگ ، ئالىم قۇربان ۋەلى 1976 ـ يىلى تۇرپان قارا غوجادىن تېپىلغان مىلادى 5 ـ ئەسىرگە ئائىت 18 پارچە تارىشا خەتنى تەتقىق قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ 422 ـ يىلى خىتايچە سۆزلەرنى سوغدى ھەرپىي بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلغانلىقىنى، 480 ـ يىلى قەدىمقى تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلىنى يېزىش ئىشى بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان . 750 ـ يىلى ئەرەپ ئەلچىسى مۇشاۋۋى «بارسقاندىن تارتىپ قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچار، قاراشەھەر، تۇرپانغىچە بولغان شەھەر، يېزا، مەھەللىلەردە كاپىر تۈركلەر ياشايدۇ » غانلىقىنى خاتىرىلىگەن. 821 ـ يىلى ئالىپ كۈچلۈك بىلگە قاغان تاڭ مەلىكىسى تەيخۇنى كۆچۈرۈپ كىلىشتە كۇچاردىن ئون مىڭ، بەشبالىقتىن ئون مىڭ ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇننى يۆتكەپ مۇداپىئەگە ئىشلەتكەن.

يۇقىرىدىكىلەردىن مەلۇمكى ، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان زېمىنلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى ۋە ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بولغان تۇرالار، ھونلار، ساكلار، تۈركلەر ياشاپ كەلگەن. خىتاي تارىخچىسى لىيەن شۇمىلادى 2 ـ ئەسىردىن 5 ـ ئەسىرگىچە تەڭرىتاغنىڭ تىكەس، كۇنەس ئەتراپلىرىدىكى ۋادىلىرىدا

قۇرۇلغان سابىرلار ( سۇارلار ) دۆلىتى ھەققىدە : « سابىرلار دۆلىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ئىگىز ھارۋىلىقلارغا ئوخشاش » دەپ يازغان. مىلادى 6 ـ ئەسىردە خىتاي تارىخچىسى ۋى شۇ : « ئىگىز ھارۋىلىقلار قەدىمقى چاغدىكى قىزىل تۇرالارنىڭ نەسلىدىن. ئۇلارنىڭ تىلى ھونلارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش.... ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ھونلارنىڭ جىيەنى ئىدى » ، 7 ـ ئەسىردە ئۆتكەن خىتاي تارىخچىسى ۋېي جىڭ : « تۇرالارنىڭ ئەجداتلىرى ھونلارنىڭ ..... ئەجداتلىرى بولۇپ، ئۇرۇق ، ئايماقلىرى بەك كۆپ » ، 10 ـ ئەسىردىكى خىتاي تارىخچىسى لىيۇ جۈن : « ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ھونلارنىڭ ئەۋلادى، ۋېي سۇلالىسى ۋاقتىدا ئۇلار تۇرالار قەبىلىسى دەپ ئاتالغان.... ئۇلار ئىگىز ھارۋىلاردا يۈرۈيدۇ » ، 11 ـ ئەسىردە خىتاي تارىخچىسى ئوۋياڭ شۇ : « ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ھونلار ئىدى، ئۇلار كۆپىنچە ئىگىز ھارىۋىلارغا چۈشۈپ يۈرۈيدۇ» دەپ خاتىرىلەپ يېزىشقان ئىدى.

مىلادى 1 ـ ئەسىردىلا روما تارىخچىسى ئاتتالاتا : « سكىفلار ( ساكلار ) بىلەن تۈركلەر بىر ئىرقتۇر » دەپ يازغان ئىدى. 735 ـ يىلى ئورنۇتۇلغان بىلگە قاغان ئابىدىسىدە : « توققۇز ئوغۇزلار ( ئۇيغۇرلار ) مىنىڭ ئۆز خەلقىم ئىدى » دەپ خاتىرىلەنگەن ئىدى.

يوقىرىدىكىلەردىن مەلۇمكى، تۇرالار، ھونلار، ساكلار، تۈركلەر ـ شەرقى تۈركىستاندا ئىزچىل ياشاپ كەلگەن خەلقلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجداتلىرىدۇر ۋە ئۇيغۇرلار بۇ زېمىنلارنىڭ تارىخى مىراسخورلىرىدۇر.

شۇنى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىش زۆرۈركى، شەرقى تۈركىستان زېمىنلىرىدىكى كۆچلەر، بولۇپمۇ 840 ـ يىللاردىكى كۆچۈش ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەكرارلانغان كۆچۈش ھادىسىلىرى بولۇپ، خىتايلار بىلەن ھېچقانداق جۇغراپىيىۋى ئالاقىسى يوق. بۇ رايونلاردا خىتايغا مۇناسىۋەتلىك ھېچبىر قەۋم مەۋجۇت ئەمەس . ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق قىلىنغان خىتاي مەلىكىلىرى ۋە كىنىزەكلىرى، ئالۋاڭ تاپشۇرۇشقا كەلگەن خىتاي ئەلچىلىرى ۋە قوغدۇغۇچىلىرى كەلگەن بولىشى ئېھتىمال.

خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇ گۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بېرى جان تىكىپ قوغداپ گۈللەندۈرۈپ كىلىۋاتقان مۇقەددەس ئانا تۇپراقلىرىغا كۆز تىكىپ، زېمىن داۋاسىدا ھەقىقەتنى سۆزلىگەن، يازغانلارنى « مىللى بۆلگۈنچى» دەپ تەقىپ قىلىپ باستۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى زۇۋان سۈرمەس قىلىۋىتىپ ، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى ئىگەللەپ ئېلىش خام خىيالىدا بولماقتا.

بىز كەسكىن ئېيتالايمىزكى، ئۇيغۇرلار ئاللاھ نەسىب ئەتكەن بۇ تۇپراقلاردىن ئەسلا ۋە قەتئى ۋاز كەچمەيدۇ. بۇ مۇقەددەس زېمىننىڭ ھەر غېرىچ تۇپرىقىنى قوغداش ئۈچۈن مىللى مەۋجۇتلىگىنى ئەسلا ۋە قەتئى يوقاتمايدۇ . چوقۇم ئۆز ۋەتىنىنى ئازات قىلىپ مۇستەقىل ياشايدۇ .

## شەرقى تۈركىستاندىكى ئىقتىسادى تالان

خىتاي كوممۇنىستلىرى ھۆكۈمرانلىرى 80 ـ يىللارغا قەدەر شەرقى تۈركىستاندىن ئاساسەن خام ئەشيا يۆتكەش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئۇيغۇرلار قوزغۇلۇپ مۇستەقىللىق كۆرىشىگە ئاتلانغاندا. پايدىسىز ۋەزىيەتتە دەرھال قېچىپ كىتىش ھازىرلىقىدا تۇرۇپ كەلدى. 80 ـ يىللاردىن كيىن خەلقارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگۈشلۈق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇ زېمىننى ئاخىرغىچە مۇستەملىكە قىلىۋېلىش پىلانىنى تۈزۈپ « شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش » ، « شەرقتىن كىرگۈزۈپ ، غەربتىن چىقىرىش » تەك سىياسى ـ ئىقتىسادى ئىجراسىنى باشلىدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى مۇھىم ئۆتقىنى كان ـ مىتاللورگىيە مەھسولاتلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسولاتلىرىنى كۆچى يەتكىنىچە پىششىقلاپ ئىلىپ كىتىش ، پەقەت بولمىسا خام ئەشيا پېتى توشۇپ ئىلىپ كىتىش قەدىمىنى ھەسسىلەپ تىزلەشتۈردى. بۇ يولدا ھىساپسىز تېخنىكا، ئەمگەك كۈچى ئاجراتتى. ئەتراپتىكى خوشنا دۆلەتلەرگە ئىكىسپورت قىلدى. سەرمايىسى يىتىشمىگەندە چەتئەللەرنى جەلپ قىلىپ بىر قىسمىنى بولسىمۇ تىزراق ئىلىۋېلىش كويىدا ھەرىكەت

قىلدى. رايونلار، كەسپلەر، تۈرلەر بويىچە ئىلىپ بېرىلىۋاتقان تالان مۇمكىن قەدەر سانلىق مەلۇماتلار بويىچە مەخپىي تۇتۇلدى.

شەرقى تۈركىستان زېمىنى ئىقتىسادى كۆرسەتكۈچ بويىچە ئىككىگە ئايرىلغان. بۇنىڭ بىرى، يىمەك ـ ئىچمەك ، كىيىم ـ كىچەك مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىغان ، نامرات رايون دەپ ئاتالغان ، نوپوسىنىڭ % 85 نى ئۇيغۇرلار تەشكىل تاپقان جەنۇپتىكى شەھەر، ناھىيە، يېزىلار . بۇ يەرلەردە دۆلەت مەمۇرى ئورگانلىرى، ئاز ساندىكى بولسىمۇ سانائەت، كان رايونلىرى، مۇنبەت تېرىلغۇ ، ئوتلاق يەرلىرى، سۇ مەنبەلىرى ھەممىسى خىتايلار تەرىپىدىن ئىگەللەپ ئېلىنغان. قەشقەر ، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى بۇ تەۋەگە كىرىدۇ. مەسىلەن : قەشقەر شەھىرىدە 90% ئاھالە ئۇيغۇرلار بولسىمۇ ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرى ئورگانلارنىڭ 90% نى خىتايلار باشقۇرىدۇ. قەشقەر توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا % 90 خىتايلار ئىشلەيدۇ.

ئاقسۇنىڭ توقسۇ ناھىيىسىگە پارتىيە كومىتىتى باشلىقى بولغان لى زىچىڭ بىر يىل ئىچىدە ناھىيىدىن تاكى بىرمۇ خىتاي بولمىغان مەھەللىلەرگە قەدەر مۇدىرلىكلەرگە، مەمۇرى ئورگانلارغا، مەكتەپ ، زاۋۇتلارغا ئىچكى خىتايدىكى ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرغان. ناھىيىنىڭ ساگتام يېزىسىدا دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇش باھانىسىدا 40 نەچچە ئۆيلۈك ئۇيغۇر دېھقاننىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى مەجبۇرى ھەقسىز ھاشار ئەمگىكىگە سېلىپ ، باغ ۋە ئۆيلىرىنى چېقىپ تاشلاپ ، دۆلەتتىن 1 مىليون يۈەن خىراجەت ئېلىپ ئىچكىرىدىكى ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىنىڭ ھەر بىرىگە 5 مىڭ يۈەندىن پۇل تارقىتىپ بۇ يەرگە ئېلىپ چىقىپ يەرلەشتۈرگەن. تارتىۋالغان بۇ يەرلەرنى تۇققىنى گۇچىڭ شاگغا ئون يىللىق باج ئالماسلىق شەرتى بىلەن كۆتۈرەگە بېرىۋەتكەن. ئۆي ـ يەرلىرىدىن ئايرىلىپ نارازىلىق بىلدۈرگەن ئۇيغۇر دېھقانلارنى بولسا « دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى پىلانىغا قارشى چىققان » ، «مىللى بۆلگۈنچى ، قاتىل » دىگەندەك بۆھتانلار بىلەن تۈرمىگە سولاپ قورقۇتقان. بۇ ناھىيىنىڭ مەركىزى بازىرىدا 32 مىڭ نوپۇس بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇرلار ئىدى . ھوقۇقنى ئالغان لى زېچېڭ بۇ

بازارلىق ھوكۇمەتكە ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن تۇققىنى ـ ساتىراچ خىتاي شۇي جىڭ شەننى سېكرىتار قىلىپ بەلگىلىدى. بۇ قارا قوساق ساتىراچ خىتاي ئاز كۈن ئىچىدە بازارغا قاراشلىق 5 يېزىدىكى ئۇيغۇر يېزا باشلىقلىرىنى يېشى توشمىسىمۇ مەجبۇرى دەم ئېلىشقا چىقىرىۋېتىپ خىتاي تۇققانلىرىنى بەلگىلىدى. ناھىيە ئىچىدىكى 500 مويەرنى ستىپ خەجلىدى. دۇكان، هاراقخانا، تانسىخانىلارنى ئېچىپ پۇل توپلاشقا باشلىدى. 120 نەپەر تۇققىنىنى ئىچكى خىتايدىن يۆتكەپ چىقىپ ئۇيغۇر دېھقانلارنى « مېھمانلارنى ئەملى قارشى ئېلىش » قا زورلاپ يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ خىتايلارغا بۆلۈپ بەردى. بىر مەھەللىدىلا 6 خىتاي تۇققىنىغا 86 مو يەرنى ئېلىپ بېرىپ ، ئىشسىز ئۇيغۇرلارنى خىتايلارغا ياللىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇر ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان.

بۇ نامرات رايونلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق مەسىلىسىمۇ ھەل بولمىدى. خەلق قوناق ئۇنىدىن ياسالغان نان ياكى ئوماچنىمۇ تويغىدەك يېيەلمەي، مۇھ ـ چىۋىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ . بۇ ھالدا ئۇچىسىغا كىيىم ستىۋېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. كەڭ يېزىلاردا بىر ئۆيدىكى 5 ـ 6 جان قەھرىتان سوغۇقتا بىر يوتقاننى يېپىنىپ ياتىدىغان ، بىر ئۆيدىن بىر پارچە كىگىز تېپىلمايدىغان ئەھۋاللار خىلىلا ئومۇملاشقان. 1994 ـ يىلى قەشقەردىكى خىتاي گېزىتىدە خوشخەۋەر سۈپىتىدە مەكىت ناھىيىسىدە دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ توققۇز يۈز يۈەن بولغانلىقىنى ئېلان قىلغان . بۇ پۇل 100 دوللار ئەتراپىدا بولۇپ ، ناھىيىدىكى خىتاي ئەمەلدارنىڭ بىر ئايلىق مائاشىغا تەڭ كېلىدۇ . بۇ پۇل ئائىلىسىدە 5 ـ 6 جان بولغان دېھقاننىڭ كۈنىگە بىر نان ستىۋېلىشىغىمۇ يەتمەيدۇ . دېھقاننىڭ كىرىمىنىڭ 40% باجغا ، 50% قەرزگە تۇتۇۋېلىنىدۇ .

ئىككىنچىسى ، ئاھالە نوپۇسىنىڭ 80 % كۆپرەگىنى خىتايلار ئىگەللىگەن شىمالدىكى ئېچىلىۋاتقان شەھەرلەر ، كان ـ سانائەت رايونلىرى بولۇپ ، خىتايلار ئۈرۈمچى، شىخەنزە، كۈيتۇن، مالەن ( ئاتوم تەتقىقات شەھىرى ) ، سانجى، قارىماي، بۆرىتالا ، كورلا قاتارلىق شەھەرلەرگە مىليونلارچە خىتايلارنى يەرلەشتۈرۈپ ، ئىشلەپچىقىرىش، توشۇش بىلەن شوغۇللاندۇرماقتا .

www.uyghurkitap.com

نېفىت ۋە نېفىت گازى كانلىرىنىڭ كۆپلەپ ئېچىلىشى بىلەن قارىماي، ئاقبۇلاق، قىزىلتاغ، مايتاغ، ئۆچكىلىك، كۆكيار نېفىتلىكلىرىگە 2 مىليوندىن ئارتۇق خىتايلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. « دۆلەت پىلانى » باھانىسىدا 600 گە يېقىن ئۇيغۇر يېزا - كەنتلىرىدىكى دېھقانلار يەرلىرىدىن، ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ ئىشسىزلارغا ئايلاندى. پىچاندىكى قىزىلتاغ نېفىتلىكىنى ئېچىش ئۈچۈن ئىچكى خىتايدىن يۆتكەپ كەلگەن خىتاي قۇرۇلۇش تارماقلىرى ھەتتا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىمۇ، خىشلارنىمۇ ئىچكىرىدىن سېتىۋالدى. ئەتراپتىكى ئۇيغۇر خىش زاۋۇدىنىڭ ئەرزان خىشلىرىنى سېتىۋالمىغان قۇرۇلۇش مەسئولى قىلچە تەپ تارتماستىن : « بىر تىيىن پۇلىنىمۇ ياتلارغا كىرىم قىلغۇزماسلىق » ھەققىدە ئاشكارا سۆزلەپ يۈرگەن.

نېفىت كانلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ھەتتا چەتئەللەرنىڭ نېفىت شىركەتلىرىگە ئاشكارا سېتىپ بېرىلدى. نېفىت ئىگىسىدىن سوراپمۇ قويماستىن، ئۈچاق، پويىز، ماشىنا، تىروبىلاردا كېچە - كۈندۈز توختىماي ئىچكىرىگە توشۇلدى. يەرلىكلەرنىڭ كان بايلىقلىرىنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئېچىشتەك ئاۋتونومىيە قانۇنلىرىمۇ چەتكە قايرىپ قويۇلدى.

ھەربىلەر، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى، مەركەزنىڭ مىنىستىرلىكلىرى، يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى، خىتاي شىركەتلىرى، ئىختىيارى كەلگۈندىلەر ھەممىسى ئۆز ئالدىغا كان ئېچىش بىلەن شوغۇللىنىپ، ھېساپسىز كان بايلىقلىرىنى ئېچىپ يۆتكىمەكتە. بولۇپمۇ ئالتۇن كانلىرىدىكى بۇلاڭچىلىق ۋە تالاش - تارتىش كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ئالتايدىكى تەبىئى ئالتۇن كانلىرىدا ئەللىكتىن ئارتۇق شىركەت، ئۈچ يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئېقىپ كەلگەن خىتاي ئالتۇن سۈزۈپ بىر - بىرى بىلەن قانلىق قىرغىنچىلىقلار ئىچىدە ئۇرۇشۇپ تۇرۇپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلماقتا. 40 يىلدىن بېرى غۇلجىنىڭ تالدى رايونىدىكى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق 731 - پولك مەخپى قېزىۋاتقان ئورانىيۇم رودىلىرى ئوچۇق ھاۋادا ئۇرۇمچىگە توشۇلۇپ، « 115 - زاۋۇت » تا پولات چېلەكلەردە پىچەتلىنىپ ، زاۋۇت ئىچىدىلا پويىز ۋاگونلىرىغا قاچىلىنىپ ئىچكىرى خىتايغا توشۇلماقتا. ئىچىش نامىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇلاڭچىلىقلارنىڭ ئىچىدە پەقەت يەرلىك ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ ناھايىتى

ئاز بىر قىسىم كانلىرىدىن ئالغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىنى ئېلان قىلسا قالغانلىرى پۈتۈنلەي مەخپىي قالماقتا.

ئىچكى خىتايغا توشۇلۇۋاتقان ھېساپسىز ئاشلىق، ياغ، چارۋا مال ، گۆش، مېۋە، تېرە، يۇڭ، دورا ئۆسۈملۈكلىرى، ياغاچ، نېفىت، نېفىت گازى، ئالتۇن، ئورانىيوم، مىس، تۆمۈر، كۆمۈر، كۆمۈش، ئالىيومىن، ياقۇت، قاشتېشى، قوغۇشۇن، سىماپ، مانگان، خىرومىت قاتارلىق ئىقتىسادى بايلىقلارنىڭ كۈنلۈك، ئايلىق، يىللىق توشۇلۇش سانىنى ئېنىقلاشقا ئۇرۇنغان سانسىز كىشىلەر خىتاي تۈرمىلىرىدە ياتماقتا.

چەتئەل گېزىتلىرىدە شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز بايلىقلىرىدىن ئۆزى پايدىلانسا كىشى بېشىغا توغرى كېلىدىغان كىرىمىنىڭ 28630 دوللارغا يېتىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغان.

شەرقى تۈركىستان خەلقى خۇددى بىر خىتاي ئەمەلدارى ئېيقاندەك : «ئالتۇن تاۋاق كۆتىرىۋالغان تىلەمچى » گە ئوخشاپ قالغان.

## شەرقى تۈركىستاندىكى كۆچمەن سىياسىتى

خىتاينىڭ بىر كىچىك ئەمەلدارى ئۇيغۇرلارغا : « ئەگەر سىلەر كەلگۈسىدە كۆرەش قىلىش ئارقىلىق ياكى خەلقارانىڭ بىسىمى ئارقىلىق مۇستەقىللىققا ئېرىشسەڭلارمۇ ، دېموگراتىك سايلامدا بەرىبىر بىز ئۇستۈنلۈكنى ئىگەللەيمىز » دېگەن. بۇ سۆز خىتايلارنىڭ سىياسى مەقسەتلەر بىلەن ئاللىبۇرۇن كۆچمەن كۆچۈرۈش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

1950 ـ يىلىدىن بۇرۇن خىتايلارنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى كۆچمەنلىرى (خىتاي ، مانجۇ ، شۆه ) 600 مىڭغا يېقىن بولۇپ، ئاھالىنىڭ 6% نى تەشكىل قىلاتتى. بۈگۈن خىتايلار ئاھالىنىڭ % 47 نى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدى. 40 نەچچە يىلدىن بېرى خىتايلار شەرقى تۈركىستانغا نۇرغۇن ئەسكىرى

قوۋەتلىرىنى ۋە ئائىلىلىرىنى يۆتكەپ چىقتى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى نامىدا ئەسكەرىدىن قايتقان نۇرغۇن ياشلىرىنى يۆتكەپ چىقتى. بارلىق سىياسى ۋە ئىجتىمائى جىنايەتچىلىرىنى يۆتكەپ چىقتى. « چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش » نامى بىلەن يەنە نۇرغۇن ئىشسىز ياشلىرىنى يۆتكەپ چىقتى.· لارنىڭ ھەممىسى ھەربى تەييارلىق ئۈچۈن بولۇپ، شەرقى تۈركىستان خەلقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ھازىرلىغان قۇراللىق قىسىملىرى ھېساپلىنىدۇ. يېقىنقى ئون يىلدىن بېرى ئاپەت رايونلىرىدىكى ئاچ - يالىڭاچ ئاھالىلىرىغا كىشى بېشىغا 5 مىڭ يۈەندىن پۇل بېرىپ پىلانلىق تۈردە شەرقى تۈركىستانغا يۆتكەش بىلەن بىرلىكتە يەنە، پىلانسىز رەۋىشتە زور ئېقىن كەلكۈنى پەيدا قىلىپ پويىز، ماشىنىلار يېتىشمەي، قول ھارۋىسى بىلەن پىيادەمېڭىپ چىقىدىغان غايەت زور كۆچمەنلەر قوشۇنى بارلىققا كەلدى. كەلگۈندىلەرنى دەرھال ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، نوپوسقا تىزىملاش، يەر تەقسىم قىلىپ بېرىش شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مەجبۇرى ئىجرا سىياستىگە ئايلىنىپ قالدى. خىتاينىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان جاللات ۋاڭ جىن 1983 - يىلى ئاقسۇدىكى ھەربى ئەمەلدارلار يىغىنىدا: « مەن 1949 - يىلى بۇيەرگە ئۇلارنىڭ 30 مىڭ مۇنتىزىم ئەسكىرىدىن قورقماي 3 مىڭ ئەسكەر بىلەن كەلگەن، بۇگۈن ئۇنىڭدىن نەچچە يۈز مىڭ ھەسسە ئارتۇق ئەسكىرىمىز بار ، ئۇلارنىڭ ھېچنىمىسى يوق. نىمىدىن قورقىسىلەر؟ » دەپ سۆزلىگەن. دىمەك خىتايلارنىڭ كۆچمەن يۆتكەش سىياستىدىكى تۈنجى مۇددىئاسى شەرقى تۈركىستان زېمىنىنى ئىگەللۈۋېلىش خالاس.

خىتاي كۆچمەنلىرى ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، كورلا، قومۇل، غۇلجا، بۆرىتالا، ئالتاي قاتارلىق شەھەرلەردە نوپوسنىڭ % 90 نى ئىگەللەپلا قالماي، شىخەنزە، قارىماي، كۈيتۈن، سانجى، ئەرلەن ( مەخپى ئاتوم شەھرى ) قاتارلىق نوپوسى بىر مىليوندىن ئاشقان خىتايلار شەھەرلىرىنى ۋە 5 مىڭدىن ئارتۇق كان رايونى شەھەرچىلىرىنى بەرپا قىلىپ خىتايلار ئۈچۈن ئالاھىدە سىياسى ۋە ئىقتىسادى ئىمتىيازلارنى تىكلەپ بەردى.

خىتايلار يېقىنقى يىللاردا شەرقى تۈركىستاننى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىگە، روسىيەگە، ئاۋرۇپاغا كۆچمەن كۆچۈرۈش پىلانىنىڭ دەرۋازىسى سۈپىتىدە



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قوللانماقتا. شەرقى تۈركىستان ئارقىلىق چەتئەللەرگە چىقىدىغان خىتايلارغا ئىقتىسادى ياردەم ۋە دىپلوماتىك پاسپورت تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىمكان قەدەر چىققان دۆلەتلەردە ماكانلىشىپ قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلماقتا.

ئىچكى خىتايدىن ئېقىپ چىققان نەچچە يۈزمىڭلىغان ياغاچچى، كىيىم تىككۈچى، سەييارە ساتقۇچى، تامچى، موزدوز، كۆكتاتچى، ئەتكەسچىلەر شەرقى تۈركىستاننىڭ يەرلىك قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ مىليونلىغان قول ھۈنەرۋەن كاسىپلىرى ئىشسىزلارغا ئايلاندى. ھەتتا ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان ئەنئەنىۋى كاۋاپچىلىق، ئاشپەزلىك، ساتىراچلىق، سۈتچىلىك كەسىپلىرىمۇ خىتايلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتتى.

1989 - يىلى قەشقەردىكى يەرلىك جامائەتنىڭ دىلىڭ شىياۋپىڭغا يازغان بىر پارچە ئىمزاسىز خېتىدە: «پەقەت مىچىتلىرىمىزدە خىتايلار يوق بولغاچقا، بۇ يەرگىمۇ بىردىن خىتاي سېكرىتار ئېۋەتىپ بېرىشلىرىنى سورايمىز» دەپ تەنە قىلغىنىدەك، ئىمام، مەزىنلىكتىن باشقا بارلىق ساھالار تارتىۋېلىندى. ئەتراپقا قارىسىڭىز، دەريا بويىدا چوشقا بېقىۋاتقان، بېلىق تۇتىۋاتقان، تاغدا دورا كولاۋاتقان، ھايۋان ئوۋلاۋاتقان، ياغاچ كىسىۋاتقان، چۆلدە نېفىت، كاندا ئىشلەۋاتقان خىتايلارنىڭ كۆپلىگى كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئىلەشتۈرىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. كەلگۈندىلەرنىڭ شەرقى تۈركىستانغا ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائى بالايى - ئاپەتلىرى ئىچىدە قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، پارىخورلۇق، ئالدامچىلىق، زەھەرلىك چېكىملىك قاتارلىق جىنايى قىلمىشلىرىدىن باشقا، مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان پەس ئەخلاق، قارا نىيەتچىلىك، سۈيقەستچىلىك، پاسكىنىچىلىقلىرى مۇھىم سالماقنى ئىگەللەيدۇ. بەش مىليون خىتاينى كۆچۈرۈش سىياسىتى ئىجرا قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئىشسىز قالغان يەرلىك ئۇنۇۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى، يېزا ياشلىرى، شەھەر ئاھالىلىرى تېخىمۇ كېڭىيىۋاتقان ئاچ - يالىڭاچلىق خەۋپىدىن ئەنسىرىمەكتە. كىشىلەر ئاغزىدىكى بىر لوقما يىمەكنىمۇ «ئاللاھقا ئامانەت» دەپ تۇرۇپ يەيدىغان ۋەھىمىگە چۈشمەكتە. ھەتتا يەرلىشىۋالغان خىتايلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ «يەر ئاز، سۇئاز، ئادەم كۆپ» دەپ كۆچمەن كۆچۈرۈشكە قارشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىقماقتا.

شەرقى تۈركىستانغا كۆچمەن كۆچۈرۈش مەسىلىسى يالغۇز ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادى مەسىلە بولۇپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى خەلقارالىق سىياسى مەسىلىدۇر. چۈنكى خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا كۆچمەن كۆچۈرۈشتىكى مۇددىئاسى ئىچكى خىتايدىكى ئاچ قالغان پۇخرالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلىش، شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادى بايلىقلىرىنى تالان - تاراج قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش، شەرقى تۈركىستاننى بىر مىليارتتىن ئارتۇق خىتايلارنى باقىدىغان خام ئەشيا بازىسىغا ئايلاندۇرۇش، يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇس ئۈستۈنلۈكىنى يوق قىلىپ خىتايلاشتۇرۇش، كەلگۈسىدىكى دېموكراتىك سايلامدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەش، ئەڭ ئاخىرىدا شەرقى تۈركىستاندىكى يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىسىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ تۈگۈتۈپ، بۇ « گۆھەر زېمىن » نى تامامەن ئىگەللىۋېلىشتىن ئىبارەت.

بۇگۈن شەرقى تۈركىستانغا كۆچۈرۈلگەن كۆچمەنلەر سانىنىڭ ئاللىقاچان يەرلىك ئاھالىنىڭ نوپۇس سانىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتكەنلىكى مۆلچەرلەنمەكتە. ئەمما ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە شۇكى: قىساسكار، كۆرەشچان ئۇيغۇرلاردىن ئۆركىگەن نۇرغۇن خىتايلار ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ چىقمىغان، ئىچكى خىتايدىكى يۇرتىدا بانكا ھىساۋى ئېچىپ بايلىقنى يۆتكەپ تۇرغان، ھەرزامان ئەنسىزلىك ئىچىدە قېچىشقا ھازىرلىنىپ تۇرغان.

## شەرقى تۈركىستاندىكى تۇغۇت چەكلەش سىياستى

خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاندا « ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇتىنى چەكلەش قانۇنى » نى ئىپلان قىلىپ ئۇنى تۈپ سىياسەت قىلىپ بەلگىلىدى. « ئاز سانلىق مىللەت » ئاتالغان مۇسۇلمانلار مەجبۇرى ھالدا « شەھەرلەردە ئىككىدىن، يېزىلاردا ئۈچتىن ئارتۇق بالا تاپماسلىق » قا زورلاندى، خىلاپلىق قىلغانلار ئىنتايىن ئېغىر مەمۇرى جازا، ئىقتىسادى جەرىمانە ۋە مەنىۋى زەربىلەرگە دۇچ كەلدى. بولۇپمۇ

بولۇپمۇ ھىچقانداق بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى بولمىغان، تىببى تەييارلىقسىز ھالدا كەڭ يېزىلاردىكى مۇسۇلمان ئاياللار ( ھەتتا 60 ياشقا كەلگەنلەرمۇ ) مەجبۇرى كوللىكتىپ تۇغۇت ئوپىراتسىيىسى قىلىندى. ھەتتا قوساقتىكى بوۋاقلار ئېلىپ تاشلاندى. تىرىك تۇغۇلغانلار ئۆلتۈرۈلدى. « قانۇنسىز » تۇغۇلغان بوۋاقلار نوپوس، تەمىنلەش، ئىسىم ۋە ئىنسانى ھەقلىرىدىن مەھرۇم قىلىندى. ئىسلامى شەرىئەتلەر بويىچە بۇ خىل گۇناھلاردىن باش تارتقانلار تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

1991 ـ يىلى پەقەت قارىقاش ناھىيىسىدە مەجبۇرى تۇغۇت چەكلەش ئوپىراتسىيىسىگە زورلانغان ئاياللار 18765 نەپەر بولۇپ، شۇ ناھىيەدىكى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلغان. بۇ ناھىيىگە تۇغۇت چەكلەش سياستىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈنلا 432 نەپەر مەمۇرى كادىر ئېۋەتكەن. 1992 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسىگە 300 دىن ئارتۇق مەمۇرى كادىر ئېۋەتىلگەن. توقسۇ ناھىيىسىدە شۇ يىلى 6 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە قوسقىنى يېرىپ بالىسى ئېلىنغان ئاياللارنىڭ سانى 160 نەچچەگە يەتكەن. بۇ ئاياللار تۇغۇت چەكلىمىسى دائىرىسىگە كىرمىگەنلەر بولۇپ ، پىلانلىق تۇغۇت شىتاتى بېرىلمىگەن ، «مۇددەتتىن بۇرۇن ھامىلدار بولىۋالغان » دىگەن بەدناملار بىلەن ئەيىپلەنگەن. بۇ ناھىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرى قۇراللىق ساقچىلارنىڭ ھەمرالىقىدا يېزىلاردا ئۆيمۇ ـ ئۆي ئاختۇرۇپ ھامىلدار ئاياللارنى تۇتۇپ توپلاپ ماشىنا بىلەن ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ زورلۇق بىلەن ئوپىراتسىيە قىلغان. ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا شۇ ۋاقىتتا 41 بوۋاق ۋاقتى توشۇپ تىرىك تۇغۇلغان. ناھىيىلىك كوممۇنىستىك پارتىيە كومىتتىنىڭ باشلىقى لى زىچىڭنىڭ يوليورىقى بىلەن خەلچەم مىراۋۇدۇن ئىسىملىك غالچا ئىت خوتۇن بوۋاقلارنى ئۆزقولى بىلەن بېشىنى سۇغا پاتۇرۇپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتكەن ۋە جەسەتلەرنى يۇندا ئازگىلىغا تاشلىۋەتكەن. ھەر كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن بوۋاقلارنىڭ گۆشىنى يەپ ئادەتلىنىپ قالغان بىر توپ لالما ئىتلار كىچىسى تالىشىپ ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرغانلىقتىن ، ئۇلار ئالاھىدە لايىھەلەپ مەخسۇس بوۋاق كۆيدۈرىدىغان ئوچاق ياساپ چىققان. بۇ ئوچاقنىڭ تۈرخۇنىدىن چىققان قاڭسىق سېسىق پۇراق پۈتۈن ناھىيە ئاسمىنىنى قاپلاپ كەتكەن. خىزمەت

www.uyghurkitap.com

كۆرسەتكەن جاللات خوتۇن خەلچەم مىراۋۇدۇن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان.

توقسۇ ناھىيىسىدىكى شۇ قېتىملىق قاتىللىقتا يۇشۇرۇنۇپ قالغان ئۆگەن كەنتىدىكى دېھقان ئايال نىياسەمنىڭ تەقدىرى ئۇلاردىنمۇ ئېچىنىشلىق بولغان. نىياسەم قانۇنلۇق ھالدا ئۈچۈنچى پەرزەندىگە ھامىلدار بولۇپ ئاي - كۈنى يېقىنلاشقاندا، ۋىجدانسىز يالاقچى خەلچەم مىراۋۇدۇن 4 نەپەر خىتاي مەمۇر- ساقچىسىنى باشلاپ كىلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كەلگەن ۋە « ھامىلدار بولۇش شتاتى بېرىلمىگەن، ھامىلدار بولۇش ۋاقتى بىكىتىلمىگەن » دەپ ئەيىپلەپ، ئېرى بىلەن بىللە ناھىيە دوختۇرخانىسىغا ئىلىپ ماڭغان. ئۇلار ناھىيىگە يىتىپ كەلگەندە چۈش مەزگىلى بولۇپ دوختۇرلار يىمەككە كەتكەن بولغاچقا خەلچەم ۋە خىتاي مەمۇرلار نىياسەمنىڭ ئېرىنى چۈشلۈك تاماق ئىلىپ بېرىشكە زورلىغان. تاماق يىگەن پۇرسەتتىن پايدىلانغان نىياسەم قېچىپ كەتكەن. ئەمما جىددىيلىكلەر ئىچىدە تۇيۇقسىز تولغىقى تۇتۇپ بازار سىرتىدىكى مازارلىقتا ئاران يىتىشۋالغان. كىچىدە مازاردا يوشۇرۇنۇپ ياتقان نىياسەم تاڭ ئاتقاندا كۆزى يورۇپ ، بوۋاق تۇغۇلغان. بۇۋاقنىڭ كىندىگىنى ئۆزى چىشى بىلەن چىشلەپ ئۈزگەن ! بوۋىقىنى كۆينىگىگە يۆگەپ قويۇپ، ئاچلىق ۋە سوغوقتا قان كۆپ ئېقىپ كەتكەچكە ھوشىدىن كەتكەن. ئەتىگەندە قەبرە يوقلاپ كەلگەن بىر رەھىمدىل كىشى ئۇنى كۆرۈپ قىلىپ ئۆيىگە ئىلىپ كىتىپ يوشۇرۇپ قالغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئىسسىق كىيىم، يىمەك بېرىپ ئەتىسى ھارۋا بىلەن يولغا سىلىپ قويغان. ئۇ ئۆيىگە كىلەر - كەلمەيلا جاللات خەلچەم يېتىپ كىلىپ : « ھۇي بۇزۇق جالاپ، ھارامدىن بولغان كۈچۈگۈڭ ناھىيىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ھىساۋىنى بۇزىۋەتتى. لى سېكرىتارنىڭ يۈزى تۆكۈلدىغان بولدى، كىمنىڭ ئۆيىدە تۇغدۇڭ؟ » دەپ ۋاقىراپ سوراق قىلغان . « پىلانسىز تۇغدى، بىز بىلەن قارشىلاشتى» دىگەن شىكايەتلەر بىلەن 10.000 يۈەن جەرىمانە قويغان. ( ئەسلى بەلگىلىمىدىن ئون ھەسسە ئاشۇرغان ) نەتىجىدە ئۆيىدىكى بىر كالا، ئىككى ئېشەك، ئون ئىككى قويىنى مەجبۇرى ساتقۇزۇپ يەتتە مىڭ يۈەن ئۇندۇرۇپ ئالغان. قالغان ئۈچ مىڭ يۈەن ئۈچۈن ئۆيىنى بۇزۇپ لىم ياغاچلىرىنى سېتىشقا زورلىغان. قولىدىكى 18 مو تېرىلغۇ

يەرنى تارتىۋالغان. بۇ ئاھانەت، كەمستىش ۋە زورلۇقلارغا چىدىمىغان ئېرى بىر كىچىدىلا يوقاپ كىتىپ ھازىرغىچە ئىز- دېرىكى بولمىغان. ئۈچ بالا بىلەن ئىگە چاقىسىز ۋە ئۆي - ماكانسىز قالغان نىياسەم يىغلاپ - قاقشاپ سەرسان بولۇپ چىقىپ كىتىپ ناھىيە بازىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ خەيرى - خاھلىقى بىلەن بىر گەمىدە باللىرىنى بېقىشقا مەجبۇر بولغان. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنىڭ ۋاپاسىز يولسىزلىقىغا ئۇچرىغان بىچارە ئانا نىياسەم كەلگۈسدە يەنە ئائىلە پۈتۈنلۈگگە ئېرىشىش ئۈمىدىدە ھەمدە چوڭ بولسا قىساسىمىزنى ئالار دىگەن ئارزۇدا تەلەيسىز تۇغۇلغان كىملىكسىز بوۋىقىغا ئۈمىت دەپ ئىسىم قويغان.

توقسۇ ناھىيىسىدە بىرىيىل ئىچىدە 846 نەپەر ئۇيغۇر ئايالنىڭ قوسقىنى يېرىپ بالىسىنى مەجبۇرى ئىلىۋەتكەن بولۇپ، بۇ ئايالالارنىڭ % 90 دىن كۆپرەگى كىسەل بولۇپ ئەمگەك ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان ياكى نېرۋىسى ئىلىشىپ قالغان. ئوپراتسىيەدىن كيىن 17 نەپەر ئايال ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن. بۇلار پەقەت سانى ئاز بولغان قوسقىغا پىچاق ئۇرۇلغانلار بولۇپ، بۇندىن باشقا مەجبۇرى چۈشۈرىۋىتىش، بالىياتقۇنى بوغدۇرۇش، بالىياتقۇغا ئۈزۈك سىلىش، تۇغماسلىق ئوكۇلى سىلىش، ئوكۇل بىلەن ھامىلەنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىۋىتىشتەك چارىلەرگە دۇچ كەلگەن ئايالالارنىڭ ھساۋى يوق.

پۈتۈن شەرقى تۈركستاندا توقسۇ ناھىيىسىگە ئوخشاش تۇغۇت چەكلەش سىياستىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىغا ئۇچراۋاتقان [illegible] نەچچە ناھىيە، 15 تەك شەھەردە بىچارە نىياسەمگە ئوخشاش تۇغۇت يېشىدىكى مۇسۇلمان ئايالالاردىن 10 مىليونغايېقىنى بار.

خىتايلارنىڭ مۇسۇلمان رايونلاردا ئىلىپ بېرىۋاتقان پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى ۋە تۇغۇت چەكلەش سىياستىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتى مۇسۇلمانلارنىڭ نوپوسىنى چەكلەش، ئۇلارنىڭ كۆكىنى قۇرىتىۋىتىش ئىكەنلىگى، قوللىنىۋاتقان ۋەھشىلىكلەرنىڭ فاشىست گېرمانىيەسىنىڭ پولشادىكى داھاۋ نەسىل قۇرۇتۇش لاگىرىدىنمۇ غالجىر ئىكەنلىگى دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا مەلۇم .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# شەرقى تۈركىستاندىكى ئاتوم يادرو سىنىقى تەھدىتى

بۈگۈن 40 مىڭغا يېقىن ئاتوم بومبىسىنى ساقلاۋاتقان دۇنيانىڭ ئۆزى ھىلىلا پارتلايدىغان ئاتوم بومبىسىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ قورقۇنچلۇق تەھدىتتىن قۇتۇلۇش پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ئايلاندى. ھازىر ئاتوم يادرو قۇراللىغا ئىگە بولغان دۆلەتلەرنىڭ قۇرال سانى تۆۋەندىكىچە:

| دۆلەت | ستىراتىگىيىلىك | ئادەتتىكى | يەر ئاستى | يەر ئۈستى |
|---|---|---|---|---|
| ئامىرىكا | 9170 | 1225 | 815 | 215 |
| روسىيە | 7622 | 5100 | 496 | 219 |
| فىرانسىيە | 450 | — | 160 | 50 |
| خىتاي | 400 | — | 22 | 24 |
| ئەنگلىيە | 260 | — | 24 | 21 |

خىتاي كوممۇنىستلىرى 30 نەچچە يىل ئىچىدە شەرقى تۈركىستاندا 46 قېتىم يەر ئۈستى ۋە يەرئاستى ئاتوم يادروبومبىسى پارتلىتىپ سىناق قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. 1964 ـ يىلى 16 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ھىچقانداق مۇداپىئە تەدبىرى ئېلىنماستىن تۇيۇقسىز ئېتىلغان 5 كىلوتونلۇق بىرىنچى قېتىملىق ئاتوم بومبىسى سىناق قىلىنغاندىن بۇيان تەركىۋىدە ئەڭ يوقىرىسى 300 كىلوتون (ت. ن. ت ) غا تەڭ پارتلاتقۇچ ماددا بولغان 11 قېتىمى يەر ئاستىدا قالغىنى يەرئۈستىدە پارتلىتىلغان ئاتوم يادرو بومبىلىرىنىڭ شىددىتى 6 بال دەرىجىگە قەدەر چىقتى!

خىتايلار نەتىجىلىك دەپ ئېلان قىلغان بۇ 46 قېتىمدىن باشقا يەنە نەتىجىسىز بولغان ۋە ئېلان قىلىنمىغان ئاتوم يادرو سىناقلىرىنىڭ سانى نامەلۇم. ھازىرغا قەدەر ئېنىقلىغانلىرىمىز تۆۋەندىكىچە:

1964 ـ يىلى 16 ـ ئۆكتەبىر 5 كىلوتون

| | |
|---|---|
| 1965 ـ يىلى ماي | 20 كىلوتون |
| 1966 ـ يىلى ماي | 20 كىلوتون |
| 1966 ـ يىلى ئۆكتەبىر | 20 كىلوتون |
| 1966 ـ يىلى دىكابىر | 300 كىلوتون ( ئاتموسفىرا بۇلغاندى) |
| 1967 ـ يىلى ئىيون | 2 ـ 3 مىگاتون ( تېرمو نۇكلەر ) |
| 1967 ـ يىلى دىكابىر | 20 كىلوتون |
| 1968 ـ يىلى 28 ـ دىكابىر | 2 ـ 3 مىگاتون ( تېرمونۇكلەر ) |
| 1969 ـ يىلى سىنتەبىر | 2 ـ 3 مىگاتون ( تېرمو نۇكلەر ) |
| 1970 ـ يىلى ئۆكتەبىر | بەك كۈچلۈك ( تېرمو نۇكلەر ) |
| 1972 ـ يىلى يانۋار | 20 كىلوتون |
| 1972 ـ يىلى مارت | 200 كىلوتون |
| 1973 ـ يىلى ئىيون | 3 مىگاتون ( تېرمو نۇكلەر ) |
| 1974 ـ يىلى ئىيون | 3 مىگاتون ( تېرمونۇكلەر ) |
| 1975 ـ يىلى نويابىر | 3 مىگاتون ( تېرمونۇكلەر ) |
| 1976 ـ يىلى يانۋار | يەر ئاستى |
| 1976 ـ يىلى سىنتەبىر | 20 كىلوتون |
| 1976 ـ يىلى ئۆكتەبىر | 4 مىگاتون ( يەر ئاستى ـ تېرمو نۇكلەر ) |
| 1977 ـ يىلى سىنتەبىر | يەر ئاستى ( تېرمو نۇكلەر ) |
| 1978 ـ يىلى مارت | |
| 1978 ـ يىلى ئۆكتەبىر | |
| 1978 ـ يىلى دىكابىر | |
| 1981 ـ يىلى ماي | |
| 1984 ـ يىلى | 150 كىلوتون |
| 1986 ـ يىلى ماي | ئاتموسفىرا بەك بۇلغاندى |
| 1992 ـ يىلى 23 ـ ماي | 150 كىلوتون |
| 1992 ـ يىلى ئۆكتەبىر | 70 ـ 90 كىلوتون |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1993 ـ يىلى ماي 60 كىلوتون
1993 ـ يىلى ئۆكتەبىر 30 ـ 40 كىلوتون
1994 ـ يىلى ماي 40 كىلوتون
1994 ـ يىلى ئۆكتەبىر 70 كىلوتون
1995 ـ يىلى ماي 70 كىلوتون
1995 ـ يىلى 17 ـ ئاۋغۇست 80 كىلوتون
1996 ـ يىلى 8 ـ ئىيون
1996 ـ يىلى 22 ـ ئىيول

( يەنە 10 نەچچە قېتىملىق پارتلىتىش يەر ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى )

ئاتوم پارتلىتىلغان رايونلارنىڭ ئەتراپىدا بولۇپمۇ خوتەن، قەشقەر، يەكەن ، ئاقسۇ ، تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا ئاتوم پارتلاپ 15 ـ 20 كۈن ئىچىدە بىنورمال يامغۇر ياغدى، ئاق توزان چۈشتى. كىشىلەرنىڭ ئىشتىهاسى تۇتۇلۇپ، دىمى سىقىلغان، كۆزلىرى ئىچىشقان.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايىنغولىن رايونىدىكى ئۈششاقتال، كۇمۇشلەرنىڭ غەربىي شىمالىدا، بالغۇنتايىنىڭ شەرقىدە هازىرغىچە ھېچقانداق خەرىتىلەرگە چۈشۈرۈلمىگەن مالەن ئىسىملىك بىر شەھەر بار. ئاھالىسى ھەربىيلەر ۋە ئائىلىلىكلىرى بولۇپ 1 مىليونغا يېقىن. پەۋقۇلئاددە ئامانلىق تەدبىرلىرى بىلەن چەكلەنگەن بۇ شەھەرنىڭ سانائەت، ئېلېكتىرلىشىش، ئىنشائات، بازار تەمىناتى ئالاھىدە بولۇپ، بۇ شەھەردە خىتاينىڭ ئاتوم يادرو بومبىسى مۇتەخەسسىلىرى، ھەربىي ئەمەلدارلار، ھەربىي ئاتوم خىزمەتچىلىرى ۋە مۇداپىئە قىسىملىرى ئائىلىسى بىلەن بىللە ، سىرتتىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالدا ياشايدۇ. 1960 ـ يىللاردا قۇرۇلۇشقا باشلىغان بۇ شەھەر 1964 ـ يىلدىن باشلاپ پارتلىتىلغان 46 قېتىملىق ئاتوم بومبىسىنىڭ جاللاتلىرىنىڭ قارا ئۇگىسىدۇر. خىتايلارنىڭ ئاتوم تەتقىقات مەركىزى، ئاتوم قويۇپ بېرىش پونكىتى ۋە ئاتوم سىناق قوماندانلىق شتابى جايلاشقان بۇ شەھەردە ھەربىي ئۇچاق مەيدانى، ھەربىي تاشيولى ۋە لوپنۇر سىناق مەيدانىغا بارىدىغان يەر ئاستى زامانىۋى ئاسفالت تاش يولى بار.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەكلىماكان چۆللىكىنىڭ شەرقى شىمال تەرىپىدە، تۇرپان، توقسۇن، پىچان ناھىيىلىرىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە، قومۇلنىڭ غەربى جەنۇپ تەرىپىدە، كورلا، قاراشەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدە، لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالى تەرىپىدە لوپنۇر چۆل رايونى بولۇپ، 33 ـ، 34 ـ ۋە 733 ـ پولكلار تەرىپىدىن قورشالغان ئاتوم سىناق مەيدانى بۇ يەرگە جايلاشقان. خىتايلارنىڭ نۇرغۇن قېتىملىق ئۆزۈن مۇساپىلىق ئاتوم بومبىسى بۇ يەرگە چۈشكەن. نۇرغۇن قېتىملىق يەر ئاستى ئاتوم بومبىلىرى بۇ زېمىنلارنى ئوكتەي ـ توكتەي قىلىۋەتكەن. نۇرغۇن قېتىملىق يەر ئۈستى ئاتوم بومبىلىرى بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىنى قاپلاپ ئەتراپقا تارقالغان.

شەرقى تۈركىستاندىكى بۇ ئىككى پارچە رايون ھازىرغىچە زېمىن ئىگىلىرى بولغان يەرلىك خەلقلەر دەسسەپمۇ باقمىغان چەكلەنگەن رايون بولۇپ، ھەتتا شەرقى تۈركىستانىنىڭ قورچاق رەئىسلىرىمۇ بۇ يەرلەرگە ئىختىيارى كىرەلمەيدۇ. يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ سۈرۈشتۈرۈش ھەققىمۇ يوق.

ئاتوم رايونىدىن 300 كىلومېتىر يىراقلىقتىن ئېلىنغان بىر دەرەخ ياپرىقىنى ئانالىز قىلغان چەتئەللىكلەر ئاتوم زەررىچىلىرىنىڭ زەھەرلىشى بار دەپ ھۆكۈم قىلغان، شەرقى تۈركىستان قۇرۇق ئۈزۈملىرىنى شياڭ گاڭ بازارلىرىدا ئاتوم زەھىرى بار دەپ دېگىزغا تۆكۈۋاتقان، ئۆز ھاۋا تەۋەسىدىن ئاتوم زەررىچىلىرىنى يىغىۋالغان ياپونىيە لوپنۇر ئاتوم سىنىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ھەققىدە نارازىلىق بىلدۈرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلەردە شەرقى تۈركىستاندىكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرىتارى جانابىل 1985 ـ يىلى شەرقى تۈركىستاندىكى ئاتوم سىناقلىرىغا قارشى نامايىشقا چىققان ئوقۇغۇچىلارغا: « بىز ئاتوم بومبىسىنى غەرپتىن شەرققە شامال چىققاندا ئاتىمىز. شىنجاڭغا ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ » دەپ ئاخماقانە جاۋاپ بېرىپ كۈلكىگە قالغان ئىدى. نۇر ھەققىدىكى ئېپتىدائى بىلىمگىمۇ ئىگە بولمىغان بۇ ئەمەلدارنىڭ جاۋابىدىن بىز خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئاتوم بومبىسى پارتلىتىشتا يەرلىك خەلقنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلۇشۇپمۇ قويمىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئۇلار ھەتتا بۇ ھەقتە يوقىرى دەرىجىلىك يەرلىك ئەمەلدارلىرىغا ئاددى ساۋاق بېرىپ قويۇشنىمۇ ئويلاپ قويمىغان.

بۇ گۈنكى كۈندە شەرقى تۈركىستاننىڭ پۈتۈن تېررىتورىيەسىدە مۆھىت مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە بىنورماللاشتى. قىشتا يامغۇر، يازدا قار ياغدى. كەلكۈن پەسىلدە قۇرغاقچىلىق، قىش پەسىلدە كەلكۈن كېلىشكە باشلىدى. ئاسماندىن ئاق توزان ياغىدىغان بولدى. دەل - دەرەخلەر مەزگىلسىز ياپراق تاشلىدى. ئۈرۈق - دان تۈتمىدى، مېۋىلەر ئەتىيازدا چېچەكلىمىدى. بۇغداي، قوناق، شال، پۇرچاق، مېۋە-كۆكتاتلارنىڭ يەرلىك ئالاھىدە سورتلىرى يوقالدى. شىپالىق بۇلاق سۇلىرى جانلىقلارنى زەھەرلەشكە باشلىدى.

قىسقىغىنا 40 يىل ئىچىدە، يەرلىك ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىرسىيەتلىك ئۆسۈپ يېتىلىشىدە قورقۇنچلۇق پەرقلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۆسمۈرلەرنىڭ زېھنى، ئۆسۈشى، ئېغىرلىقى كېمىيىپ كەتتى، تېرىگە داغ چۈشۈش، رەڭگى ساغىرىپ كېتىش، چاچ چۈشۈش، دېمى سىقىلىش قاتارلىق كۆرۈلمىگەن ياكى ئاز كۆرۈلىدىغان كېسەللەر ئومۇملىشىشقا باشلىدى. ئاسيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رايونى بولغان خوتەن رايونىدا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش نىسپىتى 20 ياش تۆۋەنلەپ كەتتى. كېيىنكى 25 يىل ئىچىدە شەرقى تۈركىستاندا ئەسلا كۆرۈلۈپ باقمىغان، ھەتتا دۇنيادا تېخى بايقالمىغان غەيرى كېسەللەر تارقىلىپ نۇرغۇن ئاھالىلار قىرىلىپ كەتتى. يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە خىتايلار تەرىپىدىن «1- نومۇرلۇق كېسەل »، « 2 - نومۇرلۇق كېسەل »، « 3 - نومۇرلۇق كېسەل » دەپ ئىسىم قويۇلغان قورقۇنچلۇق جىگەر كېسەللىرى شەرقى تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئاتوم سىناق رايونىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قانچە ناھىيەدە ۋە تۇرپاندا ئۇدا بىر قانچە قېتىم تەكرار تارقالدى. خىتايلار يوشۇرۇنچە مىڭلارچە دوختۇر ئېۋەتىپ، قورشاپ يوقۇتۇش، يىلتىزىدىن كۆيدۈرۈپ تۈگىتىشتەك چارىلەرنى قوللىنىپ بۇ كېسەلنى دۇنيادىن ، خەلقتىن يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، كېسەل مىكروپلىرىنى تۈتۈپ قالالمىدى. بۇ كېسەللىك ھەققىدە دوختۇرلارنىڭ « ھاۋادىن، سۇدىن، ئوزۇقلۇقتىن زەھەرلەنگەن » دېگەن ئېنىق دىئاگنوزى تۇرسىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى قىلچە تەپ تارتماستىن نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چۆپنىمۇ ئۆتەلمەيدىغان ھىندىستان، پاكىستان، روسىيەدىن تارقالغان كېسەللەر دەپ ئېغۋا تارقىتىپ ئاتوم يادرو سىنىقىنىڭ

زەھەرلىشنى يوشۇرۇپ كەلمەكتە.

جەنۇپتىكى تەجرىبىلىك ھاۋارايىشوناس دېھقانلار ھاۋادىكى ئاق توزان، زىرائەتلەردىكى تۇيۇقسىز ياپراق، چېچەك تاشلاش، ئادەملەردىكى نورمالسىز ئۆزگىرىشلەرنى بايقاپ لوپنۇر رايونىدا پارتلىتىلغان ئاتوم يادرو سىنىقىنى خىتاي ھۆكۈمىتىدىنمۇ بۇرۇن ئېلان قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۈگۈن شەرقى تۈركىستاندا ياشاۋاتقان خىتايلار جەنۇپ رايونلىرىدىن چىقىدىغان ئاشلىق، گۆش، مېۋە يىمەكلىكلىرىنى يېيىشتىن دىققەت قىلىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

پۈتۈن شەرقى تۈركىستانغا ۋە ئەتراپتىكى خوشنا دۆلەتلەرگە ئېغىر ھەربى تەھدىت ۋە ئىكولوگىيىلىك بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كىلىۋاتقان بۇ خىل ئاتوم سىناقلىرى يوشۇرۇنچە ئىزچىل داۋاملاشماقتا. شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاتوم سىناقلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان قانۇنى، دىموكراتىك ۋە بۇزغۇنچىلىق خاراكتىرىدىكى كۆرەشلىرى دۇنيا جامائىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ۋە قوللىشىغا ئېرىشىدىغان ۋاقت يېتىپ كەلدى. ئەگەر ئەمدى يەنە سۈكۈت قىلىنسا يەر شارى خاراكتىرلىق بۇ ئاپەت تەھدىدى دۇنيا خەلقىگە تۈلەتكۈسىز بالايى ـ قازالارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

1984 ـ يىلى شەرقى تۈركىستاندا پارتلىتىلغان ئاتوم بومبىسىنىڭ 150 كىلوتون بولۇپ، شىددىتىنىڭ 8 . 6 بال دەرىجىدە يەر تەۋرەشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى، بۇ بومبىنىڭ ياپونىيەنىڭ خىروشىما ئارىلىدىكى بومبىدىن 6 ـ 8 ھەسسە كۈچلۈك ئىكەنلىگى شۋېتسارىيە ئاتوم مۇتەخەسسىلىرى تەرىپىدىن دۇنياغا ئېلان قىلىنغان. شۇ قېتىمقى سىناقتىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە 1000 غا يېقىن ياش ـ ئۆسمۈرنىڭ بىرلا ۋاقىتتا قارغۇ ياكى پالەچ بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولغان. 50 يىل ئۆتكىنىگە قارىماي ھەر يىلى خاتىرە يىغىنى ئۆتكۈزۈپ خىروشىمادىكى ۋەھشىلىكلەرنى ئەيىپلەۋاتقان دۇنيا جامائىتىنىڭ كۆز ئالدىدا ھەر يىلى يۈز بېرىۋاتقان شەرقى تۈركىستاندىكى پاجىئەلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەسلىگى ئەجەبلىنەرلىك ؟ !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# خۇلاسە

ئومۇمەن ختاي كوممۇنستلرى شەرقى تۈركستان زىمنلرىنى ئىگەللەپ ئالغاندىن كىين، دۇنيادىكى ھەرقانداق مۇستەملىكىچىدىنمۇ ۋەھشى يوللار بىلەن يالغان قانۇن ۋە دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈپ، ھەتتا شەرقى تۈركستان خەلقىگە زىمىن داۋاسى تەشۋىقاتى ئىلىپ بىرىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆچمەنلىرىنى يۆتكەپ، ئىقتىسادى بۇلاڭچىلىق بىلەن شوغۇللۇنۇپ، ھەربى مانىۋىر ۋە ئاتوم سىناقلىرىنى ئىلىپ بىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇغۇتىنى چەكلەپ، نوپوسىنى ئازايتىپ، بۇ زىمنلارغا ئىگە بولىۋىلىش غەرىزىدە ھەرىكەت قىلماقتا.

ختايلار چوڭ شەھەرلەردىكى مەمۇرى ئورگانلار، سانائەت بازىلىرى، زاۋۇت، كان، فابرىكىلار، سودا - تىجارەت ئورۇنلىرى، دىھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانلىرى قاتارلىق بارلىق بايلىق مەنبەئەلىرىنى پۈتۈنلەي ئىگەللىۋىلىپلا قالماستىن، خەلقىنىڭ قولىدىكى ئاشلىق، پاختا، ياغ، يۇڭ، سۈت، مىۋە، ئوسۈملۈك دورىلىرىنىمۇ يىغىۋىلىش، يۆتكەش، توشۇش ھوقوقلىرىنىمۇ كونترول قىلدى. نەتىجىدە شەرقى تۈركستان خەلقىنىڭ ئىقتىسادى كىرىمى ئەڭ تۆۋەن، ئىشسىزلىق نىسپىتى ئەڭ يوقىرى، ئالى مەكتەپكە كىرىش نىسپىتى ئەڭ تۆۋەن، تۈرمىگە كىرىش نىسپىتى ئەڭ يوقىرى بولۇپ قالدى. ساقلىق ساقلاش خىزمەتلىرى مەخسۇس ختايلار ئۈچۈن بولۇپ % 90 ختاي دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالانسا، % 98 يەرلىك خەلق ئۆز خىراجىتى بىلەن داۋالىنىدىغان، ھەتتا داۋالىنالماي ئۆلۈپ كىتىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ختايلارنىڭ سۈمۈرگۈچىلىك سىياستى ئاشكارىلانغانسىرى، خەلقىنىڭ ۋە قىساسكار ھەرىكىتى شۇنچە كۈچەيدى.

شەرقى تۈركستان خەلقى جۈملىدىن ئۇيغۇرلار كۆرەش قىلىپ ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا ئالمىغۇنچە، ختايلارنىڭ زۇلمىدىن - كوممۇنىزىمنىڭ پاجىئەسىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى .

# 8 ـ باپ شەرقى تۈركستاندىكى قوراللىق تەشكىلاتلار

شەرقى تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا نەزەر سالساق، خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ئەسكىرى كۈچلىرىنى تەشكىللەش، قوراللاندۇرۇش ۋە ئۇرۇش ماھارىتى ئىگەللەش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. جاھانگىر غوجىنىڭ 300 مىڭ كىشىلىك قۇدرەتلىك قوشۇنى، بەدەۋلەت ياقۇپ بەگنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى، ئىبراھىم شاھ بىلەن مەمتىلى قوماندانلىقىدىكى كۈچار خەلق قوشۇنى، ئاكا ـ ئۇكا تورپاقلار، غوجامنىيازلارنىڭ قوشۇنى، تۆمۈر خەلپىنىڭ غازاتچىلىرى، غوجىنىيازنىڭ جەڭگىۋار ئەسكەرلىرى، مەمتىمىن بۇغرانىڭ خوتەن قوشۇنى، ساۋۇت داموللا، ماھمۇت مۇھىتىلارنىڭ دۆلەت ئارمىيىسى، مارشال ئېلىخان تۆرە قوماندانلىقىدىكى شەرقى تۈركستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 40 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم دۆلەت ئارمىيىسى ، ئوسمان باتۇرنىڭ ئاتلىق پەھلىۋانلىرى قاتارلىق قوشۇنلارنىڭ ھەممىسى خەلقىمىز تەرىپىدىن تەشكىللىنىپ ھەر قايسى تارىخى دەۋرلەردە دۈشمەنلەرگە قارشى قانلىق ئۇرۇش قىلغان ۋە ئانا ۋەتىنى شەرقى تۈركستاننى جان تىكىپ قوغداپ كەلگەن ئىدى.

1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ستالىن بىلەن ماۋزېدۇڭنىڭ نازارىتىدە، شەرقى تۈركستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ گېنىرال لېتنات سەيپىدىن، گېنىرال پولكوۋنىك مەمتىمىن ئىمنوپ قوماندانلىقىدىكى 40 كىشىلىك ئارمىيىسى، گومنداڭنىڭ گېنىرال تاۋسىيۇ قوماندانلىقىدىكى تار ـ مار ۋە تەسلىم بولغان 100 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسى ۋە كوممۇنىست خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ گېنىرال ۋاڭ جىن قوماندانلىقىدىكى 9 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسى ئۈرۈمچىدە ئۇچراشتى.

گومنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش شەكلى بىلەن ئۆز ئارمىيىسگە قوشۇۋالغان خىتاي كوممۇنىست ئارمىيىسى ، ئۆز نۆۋىتىدە شەرقى تۈركستان دۆلەت ئارمىيىسىنىمۇ تەركىۋىگە قوشۇۋېلىپ ، دەسلەپ ئۇلارنىڭ بەش نەپەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىتەكچى ـ قوماندانلىرىنى « ئايروپىلان ۋەقەسى » دە ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، يەرلىك ھەربى قوماندانلارنى ئورنىدىن يۆتكەش، ئالماشتۇرۇش، ئەمىلىنى ئۆستۈرۈش، ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، جىنايەتلىرىنى تەكشۈرۈش، جازالاش، سۈرگۈن قىلىش، تارقىتىۋېتىش، تۈرمىگە ئېلىش ۋە ئېتىپ ئۆلتۈرۈشتەك ۋاستىلارنى قوللىنىپ تامامەن يوق قىلدى. ئارقىدىنلا شەرقى تۈركىستان خەلقىنى قانلىق باستۇرۇشقا ھەر زامان تەييار تۇرىدىغان قۇراللىق جاللاتلار قوشۇنىنى تەشكىللىدى.

بۈگۈن شەرقى تۈركىستاندا مەركەزدىكى خىتاي ھۆكۈمىتى ، ھەربى ئىشلار كومىتېتى، دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى ، جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى، بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكى قاتارلىقلارغا بىۋاستە قارايدىغان تۆۋەندىكىدەك ھەربى تەشكىلاتلار بار:

## 1 ـ « شىنجاڭ ھەربى رايونى » قوماندانلىق شتابى

« شىنجاڭ ھەربى رايونى » ـ خىتاي ھەربى ئىشلار كومىتېتىنىڭ قوماندانلىقىدىكى ۋە قورچاق ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت بىلەن تەڭ دەرىجىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئەسكىرى ئەڭ كۆپ قۇراللىق ھەربى تەشكىلات. ئۇنىڭ قوماندانلىق ئورگىنى ئۈرۈمچىدە بولۇپ، تەشكىلى ئاپاراتى لەنجۇ ھەربى رايونىغا بويسۇنىدۇ.

باش قوماندانى : فۇبىڭياۋ ( خىتاي، گېنىرال لېتنانت ، لەنجۇ ھەربى رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى )

ج ك پ ك باش سېكرىتارى : سۇڭ خەنلياڭ ( خىتاي، پارتكوم باش سېكرىتارى )

سىياسى كومىسسارى : پەن جاۋ مىن ( خىتاي، گېنىرال لېتنانت، لەنجۇ ھەربى رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسى كومىسسارى )

مۇئاۋىن قوماندانلار : فاڭ دىڭخۋا ( خىتاي، گېنىرال مايور )

دىڭ ەن شىكاڭ ( خىتاي، گېنىرال مايور )

قۇربان ئەرشىدىن ( ئۇيغۇر ، گېنىرال مايور )

مۇئاۋىن سىياسى كومىسسارلار: جۇيۇگشۇن ( خىتاي، گېنىرال مايور )
روزى هوشۇر( ئۇيغۇر، گېنىرال مايور )
لى شگېيك ( خىتاي ، گېنىرال مايور )

« شىنجاڭ ھەربى رايون » نىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە شۆبە ھەربى رايونلىرى، ناھىيىلەردە قۇراللىق قىسىملىرى بار. 1986 - يىلى 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى ، دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ھەربى ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن شەرقى تۈركىستاندىكى 62 ناھىيە دەرىجىلىك قۇراللىق قىسىملار يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئىدى. 1995 - يىلى يەنە ھەربى رايونغا قايتۇرۇپ ئېلىندى.

1995 - يىلى ، ئەسلىدىكى « شىنجاڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسى كومىتېتى قۇراللىق خىزمەت كومىتېتى » بىلەن بىرلىكتە ئىشلەيدىغان « شىنجاڭ دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتى » قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ۋىلايەت، شەھەرلەردە شۆبىلىرى بار.

« شىنجاڭ ھەربى رايونى » نىڭ ئەسكەر ۋە ئوفىتسېرلىرىنىڭ سانى مەخپى ، ئەمما مەتبۇئاتلاردا تۆۋەندىكىدەك مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئېلان قىلىنغان:

1. 1995 - يىلى شەرقى تۈركىستان بويىچە 37 مىڭ 638 كىشى يېڭى ئەسكەرلىككە تىزىملاتقان ۋە 13 مىڭ 513 كىشى سىياسى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلگەن.
2. شۇيىلى پولك، دىۋىزىيە دەرىجىلىك 500 ئوفىتسېر تەربىيەلەنگەن.
3. شۇ يىلى ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇشقا 2000 جەڭچى ئېۋەتىلگەن.
4. شۇ يىلى 64 مىڭ 892 نەپەر جەڭچى كوچىلاردا قىياپەت تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلگەن. 29 مىڭ 62 ھەربى ئاپتوموبىل يوللاردا تەكشۈرۈلگەن.
5. 1986 - يىلى چوڭ مانىۋىرغا 20 دىۋىزىيە ئەسكەر قاتناشقان.
6. 1995 - يىلى 696 نەپەر ئوفىتسېر، 8400 نەپەر ئەسكەر كەسىپ ئالماشتۇرغان.
7. خەلق ئەسكەرلىرى ئومۇمى خەلق سانىنىڭ % 6.5 نى تەشكىل قىلىدۇ ( دىمەك شەرقى تۈركىستاندىكى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 975 مىڭ نەپەر ).
8. ئاز سانلىق مىللەتلەردىن 5 نەپەر گېنىرال، 12 نەپەر ستارشى پولكوۋنىك بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

9. 1995 ـ يىلى 16 مىڭ 81 نەپەر جەڭچى مۇنەۋۋەر تەقدىرنامىسى ئالغان.

10. شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرخىل پائالىيەتلىرى سەۋەبىدىن مەتبۇئاتلاردا ئىسمى ئېلان قىلىنغان دىۋىزىيەلەرنىڭ نومۇرلىرى: 36007، 36012، 36014، 36018، 36020، 36021، 36027، 36032، 36040 (بىرونىۋىك)، 36042 (ئاتوم)، 36044 (تېلىگراف)، 36046، 36052، 36054، 36101 (ئاقسۇدا)، 36103، 36105، 36106، 36107، 36108 (قومۇلدا)، 36109 (زەمبىرەك)، 36110 (ئالاقە)، 36113، 36123، 36127 (ئۇيغۇر دىۋىزىيەسى)، 36129 (قەشقەردە)، 36131 (كونەستە)، 36135 (كونەستە)، 36139، 36141 (بۆرتالادا)، 36145، 36146 (تانكا)، 36148، 36149، 36171، 36173، 36178 (بىرونىۋىك)، 36179، 36210 (ئۈرۈمچى)، 36211، 36220، 36221، 36222، 36226، 36229، 36234، 36243، 36312، 36313، 36316، 36317، 36318، 36330 (قۇرۇلۇش)، 36335، 36336، 36337، 36429، 36430، 36432، 36911، 36912، 36916، 36917، 36918، 36920، 36921، 36922، 36939، 36984، 36996

پۈتۈن ھەربىي رايون بويىچە 34 پىروفېسسور، 199 دوتسېنت ئۇنۋانى ئالغانلار بار، بىلگىسىيار سىستېمىسى ئومۇميۈزلۈك ۋىندوۋس تىكى فويپرو تىلىدا ئىشلەيدۇ. 1984 ـ يىلى شىخەنزىدە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى مۇستەقىل (زاپاس) ئارمىيە دىۋىزىيەسى قۇرۇلغان. قەشقەر رايونىدا جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرىدىغان ھەربىي قۇرال ـ ئوق بازىسى قۇرۇلۇپ، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ قولىدىكى 1500 ئاپتوموبىل ئوق ـ دورا، 26 توننا ئوق، 1800 دىن ئارتۇق «56» تىپلىق يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىق يىغىۋېلىنىپ ئىسكىلاتتا پېچەتلەنگەن.

«شىنجاڭ ھەربىي رايونى» باشقۇرۇشىدا 15 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر، 48 مىڭ چوشقا، 7 مىڭ ئات، 113 مىڭ 700 تۇياق كالا ـ قوي، 282 مىڭ توخو بار. ئۇلار 1995 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكىدىن 5 مىليون 748 مىڭ ئامېرىكا دوللار پايدا ئالغان. ھەربىي رايونىنىڭ مەخسۇس باشقۇرۇشىدا ئۈرۈمچى زاۋۇت باشقۇرۇش ئىدارىسى، موڭغۇلكۈرە ھەربىي ئات فېرمىسى، تېكەس ھەربىي ئات فېرمىسى، شياۋزىگەي

تۆزچىلىق مەيدانى، قىزىل تاغ تۆمۈرقى ھەربى كانى، پەقەت ئۈرۈمچىدىلا 38 ئالى مېھمانخانىسى بار بولۇپ، 1995 ـ يىلى تۇز كانى 1 مىليون ئامىرىكا دوللارپايدا ئالغان، ھەربى ئات سېتىشتىن 31 مىليون 734 مىڭ ئامىرىكا دوللار قىممەت ياراتقان. قىزىل تاغ ھەربى كانى 1مىليون ئامىرىكا دوللار پايدا ئالغان. مەتبۇئاتلاردا مەلۇم بولغان بىر قىسىم ھەربى زاۋۇتلار:

5217 ( پارقازان ) ، 5223 ( قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ) ، 7220 ( مەتبەچىلىك ) ، 7438 ( ستانوك ) ، 7555 ( كىيىم لايىھە ) ، 9921 ( ماشىنىسازلىق ) ، 9924 (ماشىنسازلىق )، 979 ( ماشىنسازلىق ) ، 992 ( ۋېلىسپىت ) ، 886 ( ماشىنسازلىق )

« شىنجاڭ ھەربى رايونى » ئۈرۈمچىدە ۋە خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە 15 ئورۇندا شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ بايلىقى بىلەن بەش يولتۇزلۇق ئالى دەرىجىلىك ھەربى ساناتورىيەلەرنى ياساپ، 1110 نەپەر دەم ئېلىشقا چىققان پولكتىن يوقىرى دەرىجىلىك ئالى قوماندانلىرىنى ئائىللىرى بىلەن بىللە باقماقتا.

ئۈرۈمچىدە 6 ساناتورىيەدە 590 ئائىلە
شىخەندە 3 ساناتورىيەدە 210 ئائىلە
شىجاجۇاڭدا 1 ساناتورىيەدە 98 ئائىلە
تەيىيۋەندە 1 ساناتورىيەدە 48 ئائىلە
لويائگدا 1 ساناتورىيەدە 46 ئائىلە
جىنەندە 1 ساناتورىيەدە 48 ئائىلە
يەنتەيدە 1 ساناتورىيەدە 38 ئائىلە
يائگجۇدا 1 ساناتورىيەدە 32 ئائىلە

يوقىرىدىكىلەرنىڭ زور كۆپچىلىگى گېنىراللار بولۇپ ، شەرقى تۈركىستانغا كىلىپمۇ باقمىغان ، ئەمما شەرقى تۈركىستان ھەربى رايونىدىن شتات ئىگەللەپ ئەڭ يۇكسەك تەمىناتلاردىن بەھرىمەن بولماقتا . ئەپسۇسكى، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى ئازاتلىق كۆرەشلىرىدە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ئوفىتسېرلىرى، جەڭچىلىرى تۈرمىلەردە ياتماقتا ياكى كوچىلاردا تىلەمچىلىك قىلماقتا !

## 2 ـ « شىنجاڭ ھاۋا ئارمىيىسى » قوماندانلىق شتابى

خىتاي ھەربى ئىشلار كومىتېتىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى قوماندانلىقىغا تەۋە بولغان «شىنجاڭ ھاۋا ئارمىيىسى » قوماندانلىق شتابى ئۈرۈمچى ئۇلانبايدا بولۇپ، بارلىق ھەربى ئۇچاق، ئۇچاق مەيدانى، زاۋۇتلار ، شۇنىڭدەك ئۇچاق قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئاساسلىق كونترول قوماندانلىقى شۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا . رازۋېتكا ئۇچاقلىرى، بومباردىمانچى ئۇچاقلىرى ۋە باشقا ئۇرۇش ئۇچاقلىرىنىڭ سانى ، ئۇچاق مەيدانى ۋە

قىسىم قوماندانى : ساۋيۇچىن ( خىتاي، گېنىرال مايور )
سىياسى كومىسسارى : دېڭ چاڭيۇ ( خىتاي، گېنىرال مايور )
مۇئاۋىن قوماندان : گوشىنخۇا ( خىتاي ، گېنىرال مايور )
جېڭ شىكاڭ ( خىتاي، گېنىرال بىرىگادىر )
مۇئاۋىن كومىسسار : رېن چىڭشىن ( خىتاي، ستارشى پولكوۋنىك )

ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قىسىملىرى ۋە ئۇچاق مەيدانلىرى مۇتلەق مەخپى بولۇپ، 1995 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن « غەرپ ـ 95 » ناملىق مانېۋىردا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 612 ئۇچىقى ئۇچقانلىقى ، پولك دەرىجىلىك ئالتە ئورۇننىڭ مۇكاپاتلانغانلىقى، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشتىن 1995 ـ يىلى 2 مىليون 345 مىڭ ئامېرىكا دوللار كىرىم قىلغانلىقى قاتارلىقلار مەتبۇئاتتىكى خەۋەرلەردە خاتىرىلەنگەن. ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ مەلۇم بولغانلىرى :

86108 ( قومۇلدا ) ، 86673 ( ئۈرۈمچىدە ) ، 86141 ( ئۈرۈمچىدە ) ، 86903 (ئۈرۈمچىدە) ، 39991 ( كورلىدا ) ، 7555 ـ زاۋۇت

# 3 . « شىنجاڭ ژاندارما قىسىملىرى »

## « شىنجاڭ باش ئەترىتى »

« شىنجاڭ باش ئەترىتى » نىڭ قوماندانلىق ئورنى ئۈرۈمچىدە. مەمۇرى دەرىجىسى ئەسلىدىكى دىۋىزىيە دەرىجىسىدىن مۇئاۋىن ئارمىيە ( جۈن ) دەرىجىسىگە كۆتىرىلدى.

باشلىقى : خۇيى ( خىتاي، ستارشى پولكوۋنىك )

سىياسى كومىسسارى : چىن جىنچى ( خىتاي )

جاڭ ۋۇ ( خىتاي، ستارشى پولكوۋنىك )

مۇئاۋىن باشلىقلار : ئابدۇل غەنى ( ئۇيغۇر ، ستارشى پولكوۋنىك )

جاڭ خۇيسۇن ( خىتاي، ستارشى پولكوۋنىك )

مۇئاۋىن كومىسسارلار : جاڭ يۇڭخۇي ( خىتاي، ستارشى پولكوۋنىك )

ئەزىز ھېيت ( ئۇيغۇر ، ستارشى پولكوۋنىك )

ژاندارما باش ئەترىتى تەركىبىدە باش ئەترەت، 8 شۆبە ئەترەت ۋە زاپاس قىسىم قاتارلىقلار بولۇپ، شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان. 1995 - يىلىدىكى 40 يىللىق خاتىرىلەش پائالىيىتىگە ژاندارمىدىن 26 مىڭ قۇراللىق ساقچى ۋە 500 ئاپتوموبىل قاتناشقانلىقى خاتىرىلەنگەن. شۇ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن «956 » ناملىق تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش مانېۋىرىغا 2 مىڭ قۇراللىق ساقچى قاتناشقان.

ژاندارما باش ئەترىتىنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر ، كۈيتۇڭلەردە پەۋقۇلئاددە چوڭ بېنزىن ئامبىرى، 21 ئورۇندا ئادەتتىكى بېنزىن ئامبىرى بار . باش ئەترەتنىڭ 100 گېكتار دېھقانچىلىق يېرى بولۇپ، يىلدا 800 مىڭ ئامېرىكا دوللار كىرىم قىلىدۇ . 4 - ئەترىدى ئاقسۇ ، قىزىلسۇ ، قەشقەر ، خوتەندىكى 100 دىن ئارتۇق تۈرمە ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىنى نازارەت قىلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قاتناش 2 ـ باش ئەترىتى

قاتناش 2 ـ باش ئەترىتىنىڭ قوماندانلىق مەركىزى ئۈرۈمچىدە بولۇپ، 16 ئۆلكىنىڭ هەربىي قاتناش ـ تاشيول ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

باشلىقى : جۇدىباۋ ( خىتاي، ستارشى پولكوۋنىك )

سىياسى كومىسسارى: ۋاڭ جىڭۋاڭ ( خىتاي ، ستارشى پولكوۋنىك )

مۇئاۋىن باشلىقلىرى : گو، لى، شىلار ( خىتاي، ستارشى پولكوۋنىك )

قاتناش 2 ـ باش ئەترىتىنىڭ تەركىۋىدە باش ئەترەت، 6 تارماق ئەترەت، قوماندانلىق ئەترىتى قاتارلىقلار بار.

4 ـ تارماق ئەترەت 217 ـ لىنىيە ( ئالتاي ــ بۇرچىن ) ، 312 ـ لىنىيە ( كەڭساي ــ چىڭسىخوزا ) ، داخۋاڭشەن ـ ئۈرۈمچى ـ تۇرپان ئالى يولى 9 ـ بۆلىگى، ئۈرۈمچى دىيوپۇ خەلقارا ئۇچاق مەيدانى قاتارلىقلارنى ياسىماقتا.

5 ـ تارماق ئەترەت 314 ـ لىنىيە ( مائەن ــ ساڭشويۈەن )، كورلا يولىنى ياسىماقتا.

6 ـ تارماق ئەترەت 312 ـ لىنىيە ( ساقا ــ قومۇل ) ، قومۇل ـ بارىكۆل، تۇرپان ئۈرۈمچى، داخۋاڭشەن يولى 4 ـ بۆلىكىنى ياسىماقتا.

7 ـ تارماق ئەترەت مەخپى دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى، قوماندانلىق ئورنى چىگرا پونكىتى، شىنجاڭ ـ شىزاڭ قوماندانلىق ئورنى 219 ـ لىنىيە ( قارغىلىق ــ شىزاڭ ) يوللىرىنى ياسىماقتا.

قاتناش 2 ـ باش ئەترىتىنىڭ تۇراقلىق مۈلكى 40 مىليون دوللار ، كىشى بېشىغا توغرى كېلىدىغان تېخنىكىلىق قۇراللىنىش نىسپىتى 3600 ئامېرىكا دوللار، ئېنېرگىيە ئەسلىھە نىسپىتى 26.6 كىلوۋات. 1995 ـ يىلى 62 مىليون 557 مىڭ ئامېرىكا دوللار مەھسۇلات قىممىتى ياراتقان .

چىگرا مۇداپىئە باش ئەترىدى ـ چىگرا مۇداپىئە ئىدارىسى نامىدا شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىگى نازارىتى قول ئاستىدا ئىشلەيدۇ. قوماندانلىق مەركىزى ئۈرۈمچىدە.

باشلىقى : سۈن چۈەنلىۋ ( خىتاي ، ستارشى پولكوۋنىك )

سىياسى كومىسسارى : بوش

مۇئاۋىن باشلىقى : قادىر ئاۋۇت ( ئۇيغۇر ، ستارشى پولكوۋنىك )

شىن گوباۋ ( خىتاي، ستارشى پولكوۋنىك )

مۇئاۋىن كومىسسارى ، لى چاڭشۇي ( خىتاي، ستارشى پولكوۋنىك )

شەرقى تۈركىستاننىڭ 6 مىڭ 400 كىلومىتىرلىق چىگرىسىدا قونجىراپ، تورغات، باقتۇ ، قورغاس، ئالاتاۋ قاتارلىق چىگرا ئېغىزلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان 300 دىن ئارتۇق ساقچى پونكىتى ۋە ناھىيە، يېزا ، كەنتلەردە تەشكىلاتلىرى بولغان چىگرا مۇداپىئە باش ئەترىدى يەرلىك ھۆكۈمەتتىن ۋە خەلقتىن مۇتلەق مەخپى ھالدا چىگرا ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا 1995 ـ يىلى 22 مىڭ چىگرا مۇداپىئە ئەسكىرىنىڭ خەلققە ياردەم بەرگەنلىكى، چىگرىدىن كىرمەكچى بولغان 10 مىڭ ئادەمنىڭ قايتۇرۇلغانلىقى، ھەجگە ماڭغان 3140 ھاجىنىڭ توسۇۋېلىنغانلىقى، چىگرىدىن بىر يىلدا 562 مىڭ 480 ئادەم ۋە 124 مىڭ 401 ئاپتوموبىلنىڭ كىرىپ ـ چىققانلىقى، چىگرىدىن قاچماقچى بولغان 4640 كىشىنىڭ، كىرمەكچى بولغان 112 كىشىنىڭ تۇتۇلغانلىقى، خوشنا دۆلەتلەرنىڭ بىر يىلدا 116 كىشىنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى، چىگرىدا 796 قېتىم جىنايى ئىشلار يۈز بەرگەنلىكى، 85 دانە ھەرخىل قۇرال، 2448 پاي ئوق، 276 كىلوگرام پارتلىتىش دورىسى، 29 تال كاپسول قاتارلىقلار مۇسادىرە قىلىنغانلىقى، 8 ئادەمنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى قاتارلىقلار ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ژاندارمىنىڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى « شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى » دىن ئەسكەر، يەرلىك مالىيەدىن خىراجەت ئالىدىغان ، شەرقى تۈركىستاندىكى تۈرمىلەرنى باشقۇرۇش، مەھبۇسلارنى يۆتكەش خىزمىتىگە مەسئول تەشكىلاتتۇر . قوماندانلىق ئورنى ئۈرۈمچىدە .

مۇدىرى : لى جىڭتاڭ ( خىتاي ، ستارشى پولكوۋنىك )

سىياسى كومىسسارى: سۇن شاۋلەن ( خىتاي، ستارشى پولكوۋنىك )

بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابىنىڭ 6 چوڭ ئەترىدى بولۇپ، تۆيۇقسىز يۈز بېرىدىغان قۇراللىق قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش، مەھبۇسلارنى يۆتكەش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن. 5 ـ ئەترىدى كۆيتۇڭدە ۋەزىپە ئورۇنلايدۇ. 1995 ـ يىلى 1500 ئەسكەر ۋە 20 ئاپتوموبىل بىلەن 4 مىڭ كىلومېتىرلىق مەھبۇس يۆتكەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغانلىقى، « 956 » ناملىق مانېۋىردا ئىككى قېتىم رەسمىي مەھبۇس يۆتكىگەنلىگى، 1995 ـ يىلى 200 مىڭ ئامېرىكا دوللار كىرىم قىلغانلىقى قاتارلىقلار مەتبۇئاتلاردا خەۋەر قىلىنغان.

## 4 ـ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى

1990 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خىتاي دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتى « شىنجاڭ بىڭتۇەننى تەرتىپكەسېلىش ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش » نى تارقىتىپ، ئەسلىدىكى ئاپتونوم رايون ۋە ھەربىي رايوننىڭ باشقۇرۇشىدىكى بىڭتۇەننى ئايرىپ ، تەڭ دەرىجىلىك ئايرىم ھۆكۈمەت تەشكىل قىلدى. 8 تۈردە مەركەزگە بىۋاستە باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت تورى شەكىللەندۈرۈپ، تاشقى سودا، ئاشلىق، يەر، ئوتلاق ۋە كان ئېچىش جەھەتلەردە مۇستەقىل ھوقوق، چېگرا

بويلىرىدىكى پولكلىرىغا بولسا پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازلار بېرىلدى. شۇنداق قىلىپ ، كوممۇنىستلار كىلىشتىن ئەۋۋەلقى گومىنداڭ قوشۇنىمۇ مۇستەقىل بىر ھۆكۈمەتكە ئىگە بولىۋالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەرلىك ئاھالىنى باستۇرۇشنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە ئالاھىدە تەكىتلەندى. تەشكىلى ئاپاراتى تۆۋەندىكىچە:

1- سېكرىتار: ۋاڭ لىچۈەن ( ختاي ، پارتكومنىڭ سېكرىتارى )

سېكرىتار : ۋاڭ چۈەنيۇ ( ختاي ، پارتكوم دائىمى ھەيئىتى )

مۇئاۋىنى : جىن يۇگخۇي ( ختاي، پارتكوم مۇئاۋىنى )

باش قوماندان : جىن يۇگخۇي

سىياسى كومىسسار : ۋاڭ لىچۈەن

مۇئاۋىنلىرى : 12 كىشى ( ئىچىدە 2 ئۇيغۇر ، 1 قازاق بار )

سوت مەھكىمە باشلىقى : 3 ختاي

تەپتىش مەھكىمە باشلىقى: 3 ختاي

دائىمى كومىتېت ھەيئەتلىرى 17 كىشى ( ئىچىدە 2 ئۇيغۇر ، 1 قازاق بار )

شەرقى تۈركىستاندا يەر ئىگەللەپ پۇل تاپىدىغان ئەسكەرلەر نامىنى ئالغان بىگتۇەن 14 دىۋىزىيە دەرىجىلىك ئورگاندىن تەشكىللەنگەن. ئۇنىڭ :

10 يېزا ئىگىلىك دىۋىزىيىسى

1 قۇرۇلۇش - بىناكارلىق دىۋىزىيىسى

3 دېھقانچىلىق مەيدان باشقۇرۇش دىۋىزىيىسى بار .

بىگتۇەننىڭ ھۆكۈمەت ئىلان قىلغان نوپوسى 2 مىليون 250 مىڭ ، كۆپىيىش نىسپىتى % 6.3 . ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمى قىممىتى 1 مىليارت 500 مىليون ئامىرىكا دوللار بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 925 مىڭ 100 نەپەر .

تېرىلغۇ كۆلىمى : 813 مىڭ گىكتار

ئورمانچىلىقى : 7370 گىكتار

چارۋىچىلىقى : 3 مىليون 278 مىڭ 400 تۇياق

بىلىقچىلىقى : يىللىق مەھسۇلاتى 10 مىڭ 500 توننا

يېزا ئىگىلىكى ئومۇمى مەھسولات قىممىتى 1 مىليارت 302 مىليون 625 مىڭ دوللار
سانائەت ئومۇمى مەھسولات قىممىتى 1 مىليارت 635 مىليون 625 مىڭ دوللار
چەتئەل تىجارىتى مەھسولات قىممىتى 201 مىليون دوللار
ئومۇمى مەبلىقى 452 مىليون دوللار
جىنايەتچىلەرنىڭ يىللىق كىرىمى ئاشلىق 16مىڭ 200 تونىنا، پاختا 1600 تونىنا، ياغلىق دان 300 تونىنا، چارۋا مال 45 مىڭ 300 تۇياق.
يېزا ئىگىلىگىدە 12 مىڭ چوڭ، 17 مىڭ كىچىك تىراكتورى، 29 ئۇچاقى بار. يۈك ئاپتوموبىلى 2307 دانە، ئېنېرگىيە قۇۋۋىتى 1 مىليون 402 مىڭ كىلوۋات سائەت. سەرپ قىلغان ئېلېكتېر توكى 737 مىليون كىلوۋات.
بىگتۇەندە 3 ئالى مەكتەپ، 6 چوڭلار ئالى مەكتىۋى، 36 ئوتتۇرا تېخنىكوم، 35 تولۇق ئوتتا، 2346 ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپ، 4 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىۋى بار. ئوقۇغۇچى سانى 672 مىڭ 800 نەپەر.
بىگتۇەندە 45 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 271 كىنوخانا، 215 دوختۇرخانا بار.

## يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيىسى ( ئاقسۇدا )

18 پولك دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەيدانى، 12 پولك سانائەت فابرىكىسى ، 1 پولك بىناكارلىق ، 1 پولك قاتناش ـ تىرانسپورت، 2 پولك سودا ـ تىجارەت باش شىركەتلىرى بار. جەمى 34 پولك ئەسكىرى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ناھىيىسىنى قورشاپ تۇرىدۇ.

## يېزا ئىگىلىك 2 ـ دىۋىزىيىسى ( كورلىدا )

16 پولك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى، 10 پولك سانائەت فابرىكىسى، 5 پولك بىناكارلىق، 1 پولك قاتناش ـ تىرانسپورت، 3 پولك سودا ـ تىجارەت باش

شىركەتلىرى بار. جەمى 34 پولك ئەسكىرى بىلەن بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ناھىيىسىنى قورشاپ تۇرىدۇ.

يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسى （ قەشقەردە ）

18 پولك دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانى، 12 پولك سانائەت، بىناكارلىق، سودا باش شىركەتلىرى بار. جەمى 30 پولك ئەسكىرى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ناھىيىسىنى قورشاپ تۇرىدۇ.

يېزا ئىگىلىك 4 ـ دىۋىزىيىسى （ غۇلجىدا ）

19 پولك دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانى، 3 پولك سانائەت ـ كان شىركىتى، 3 پولك بىناكارلىق شىركىتى، 1 پولك قاتناش ـ تىرانسپورت شىركىتى بار. جەمى 26 پولك ئەسكىرى بىلەن ئىلى ۋىلايىتىنى قورشاپ تۇرىدۇ.

يېزا ئىگىلىك 5 ـ دىۋىزىيىسى （ بۆرتالادا ）

11 پولك دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانى، 6 پولك سانائەت فابرىكىسى، 1 پولك بىناكارلىق، 2 پولك قاتناش، 5 پولك سودا ـ تىجارەت باش شىركىتى بار. جەمى 25 پولك ئەسكىرى بىلەن بۆرتالا ئوبلاستىنى قورشاپ تۇرىدۇ.

يېزا ئىگىلىك 6 ـ دىۋىزىيىسى （ ئۈرۈمچى ناھىيىسىدە ）

19 پولك دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانى، 14 پولك سانائەت ـ قاتناش ، سودا باش شىركىتى بار. 33 پولك ئەسكىرى بىلەن سانجى ئوبلاستىنى قورشاپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېزا ئىگىلىك 7 ـ دىۋىزىيىسى ( كۈيتۇڭدە )

10 پولك دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانى، 10 پولك سانائەت قابرىكىسى، 4 پولك بىناكارلىق، 2 پولك قاتناش، 6 پولك سودا ـ تىجارەت باش شېركىتى بار. جەمى 32 پولك ئەسكىرى بىلەن شىخو رايونىنى قورشاپ تۇرىدۇ.

يېزا ئىگىلىك 8 ـ دىۋىزىيىسى ( شىخەنزىدە )

18 پولك دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانى، 8 پولك چوڭ فابرىكا، 283 فېرمابار. جەمى 24 پولك ئەسكىرى بىلەن شىخەنزە شەھىرىنى ئىگەللەپ ۋە ماناس رايونىنى قورشاپ تۇرىدۇ.

يېزا ئىگىلىك 9 ـ دىۋىزىيىسى ( چۆچەكتە )

11 پولك دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانى، 7 پولك سانائەت ـ كان فابرىكىسى، 2 پولك قاتناش، 2 پولك بىناكارلىق، 8 پولك سودا ـ تىجارەت باش شېركىتى بار. جەمى 30 پولك ئەسكىرى بىلەن دۆربىلجىن ۋىلايىتىنى قورشاپ تۇرىدۇ.

يېزا ئىگىلىك 10 ـ دىۋىزىيىسى ( ئالتايدا )

10 پولك دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانى، 15 پولك سانائەت فابرىكىسى، 1 پولك بىناكارلىق، 1 پولك قاتناش، 7 پولك سودا ـ تىجارەت باش شېركىتى بار. جەمى 34 پولك ئەسكىرى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايىتىنى قورشاپ تۇرىدۇ.

بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش 1 ـ دىۋىزىيىسى ( ئۈرۈمچىدە )

7 پولك بىناكارلىق، 1 پولك ماشىنىسازلىق، 1 پولك قاتناش ـ تىرانسپورت باش شىركەتلىرى 714 قۇرۇلۇش ئۆتىسى، 46 سانائەت فابرىكىسى، 554 يۈك ماشىنىسى ئارقىلىق پۈتۈن شەرقى تۈركىستاندىكى تاش يول، تۆمۈر يول، ئېلىكتىر ئىستانسىسى قاتارلىقلارنى باشقۇرىدۇ. جەمى 9 پولك ۋە مۇستەقىل قۇراللىق پولكلىرى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنى قورشاپ تۇرىدۇ.

ئۈرۈمچى دېھقانچىلىق مەيدان باشقۇرۇش ئىدارىسى

6 پولك دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانى ئەسكەرلىرى ( 50 مىڭ نوپوسى بار ) ئۈرۈمچىنى قورشاپ تۇرىدۇ.

قومۇل دېھقانچىلىق مەيدان باشقۇرۇش ئىدارىسى

7 پولك دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانى ئەسكەرلىرى ( 58 مىڭ 781 نوپوسى بار ) قومۇل ۋىلايىتىنى قورشاپ تۇرىدۇ.

خوتەن دېھقانچىلىق مەيدان باشقۇرۇش ئىدارىسى

3 پولك دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانى ئەسكەرلىرى ( 19 مىڭ نوپوسى بار ) خوتەن ۋىلايىتىنى قورشاپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 5. « ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى »

« ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋسىزلىك نازارىتى » - ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق ئورگان بولۇپ، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە پولك دەرىجىلىك ، ناھىيەلەردە باتالىيون دەرىجىلىك شۆبىلىرى بار. بۇ شۆبىلەرگە قاراشلىق بىرنەچچە يۈز ساقچى پونكىتى ، يىغىۋېلىش پونكىتلىرى ، تۈرمىلىرى ۋە قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى بار. نازارەتنىڭ باشلىقى چېن جىنچى (خىتاي) .

جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئاھالىلارنىڭ سالاھىيەت ھوقۇقىنى نازارەت قىلىدىغان دىكتاتورا ئورگىنى بولۇپ، مەتبۇئاتلاردا 1995 - يىلى تۆۋەندىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار بېرىلگەن :

« 1995 - يىلى 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 5616 نى پاش قىلغان. 6916 جىنايەتچى قولغا ئېلىنغان. 2120 كىشىلىك 537 جىنايەتچىلەر گۇرۇھى تار - مار قىلىنغان ».

« 1995 - يىلى 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئامانلىقنى تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، 8636 جىنايەتچى، 401 قاچقۇن جىنايەتچى قولغا چۈشۈرۈلگەن. 24 مىڭ 297 گىرام خىروئىن، 113 مىڭ 371 گىرام نەشە ، 116 تال قورال، 5821 پاي ئوق، 4979 كىلوگىرام پارتلاتقۇچ دورا ۋە زور تۈركۈمدىكى خەتەرلىك، پارتلاتقۇچ بويۇملار يىغىۋېلىندى » .

« 1995 - يىلى 11 - ئايدىن 12 - ئايغىچە قىش پەسىللىك قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، 5617 جىنايى ئىشلار دېلوسى پاش قىلىندى. 5443 جىنايەتچى قولغا ئېلىندى. 1523 ئەزاسى بار 382 گۇرۇھ تار - مار قىلىندى. 4794 گىرام خىروئىن ، 416 گىرام ئەفيون، 31 كىلوگىرام نەشە، 10 مىڭغا يېقىن سىنئالغۇ ، ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى ۋە كىتاپلار قولغا چۈشۈرۈلدى » .

« 1995 - يىلى جەمئىي 4724 قېتىم قاتناش ۋەقەسى يۈز بەردى، 1826 ئادەم ئۆلدى، 3086 ئادەم يارىدار بولدى، 3 مىليون دوللارلىق بىۋاستە زىيان بولدى » .

# 9 ـ باپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى

مەخپىيەتلىك نۇقتىسىدىن پەقەت خىتاي ئەدلىيە تارماقلىرىغا مەلۇم بولغان دائىرە ئىچىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن چەكلەندۇق . بۇ باپتىكى ئازاتلىق ئۇرۇشى ۋە ۋاقەلەرنىڭ تەپسىلاتى ئايرىم كىتاپ بولۇپ نەشر قىلىندۇ.

## 1 ـ تىركىشىش باسقۇچى ( 1949 ـ 1960 )

1945 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى غۇلجا شەھىرىدە شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ شۆبىسى رەسمى ۋە مەخپى قۇرۇلدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرى، ھەربى قوماندانلار، زىيالىلار، جەڭچى ـ ئوفىتسىرلەر، كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ، شەھەر ئاھالىلىرى، دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن تەركىپ تاپقان پارتىيە قوشۇنى تىزلىكتە كېڭىيىپ، ھاكىمىيەتنىڭ سىياسەت بەلگىلەش ۋە ستراتېگىيىلىك پىلان تۈزۈش ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسەتكىدەك يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە بولدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بويۇنتورۇقىدىن قۇتۇلۇش، مىللى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئالدىنقىلىرىنىڭ يولىنى كىيىنكىلىرى بېسىپ، 40 نەچچە يىلدىن بېرى 200 قېتىمدىن ئارتۇق قۇراللىق، قۇرالسىز كۆرەش قىلىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ بۈگۈنكى كۈندە ، خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى پىروگراممىسى ئەڭ ئېنىق بولغان، تەشكىللىك، ئىنتىزامچان ۋە سېستىمىلىق كۆرەش ئېلىپ بارالايدىغان، ستراتېگىيىلىك پىلانلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇكەممەل بولغان ، ئەزالىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەممە جايلىرىغىچە تەكشى تارقالغان، مەخپىيەتلىك پرىنسىپى ئېخىمۇ چىڭ بولغان، ئىككى مىليونغا يېقىن خەلقنى تەشكىللەپ ، 78 ئاساسى قاتلام تەشكىلاتىدا ئاتمىش مىڭدىن ئارتۇق پىشقەدەم ، ئىسسىق ـ سوغوقنى بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە ئېغىر سىناقلاردىن ئۆتكەن ئەزاسى بولغان ، ئاممىۋى ئاساسى كۈچلۈك، يېتەكچىلىك رولى چوڭ، جەڭگىۋار سىياسى ۋە تارىخى پارتىيىگە ئايلاندى. بىر قاتار قوراللىق ئۇرۇشلار ، سىياسى كۆرەشلەر ۋە مەدەنىيەت تالاشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى شەرقى تۈركىستاننىڭ ئۆزۈل ـ كىسىل ئازاتلىقىنى نىشان قىلىپ ، خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرۈپ شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۈمىت مەشئىلىگە ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان خەنجەرگە ئايلاندى.

1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ستراتېگىيىلىك جايى ئاراتۈرك ناھىيىسىنىڭ بۇلاق بېشى مەھەللىسىدە ناسىر ۋە ئابدۇللا باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قوراللىق پارتىزانلىرىدىن 500 دەك پالۋان بىرلىكسەپ قۇرۇپ، خىتاي كوممۇنىست ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بەردى. 4 ـ ئايدا ئالتايدىكى ئوسمان باتۇر قىسىملىرى كېلىپ قوشۇلدى. ئىككى يىل ئىچىدە 150 قېتىمدىن ئارتۇق غەلىبىلىك ئۇرۇش ئېلىپ باردى. ئوق ـ قورال يېتىشمىگەنلىكتىن مەغلۇپ بولغان بۇ ئازاتلىق ئۇرۇشىدا نۇرغۇن پىدائىلىرىمىز شېھىت بولدى. قەھرىمان ئوسمان باتۇر 1951 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە خىتاي ئارمىيىسى تەرىپىدىن شېھىت قىلىندى. بىرقىسىم پىدايىلار چەتئەللەرگە چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا

ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبى تېغىدا توپلانغان 2 مىڭدەك ئاتلىق قوراللىق پارتىزانلار قالىبېك يېتەكچىلىكىدە قومۇلدىكى جەڭگە ماسلىشىپ خىتاي ئەسكەرلىرىگە

توسۇپ زەربە بېرىپ ئوت ئاچتى.

1951 ـ يىلى 4 ـ ئايدا

شەرقى تۈركىستاننىڭ ئاخىرقى جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى غۇلجا شەھىرىگە توپلانغان 51 نەپەر ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىلار، يازغۇچىلار خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، جىددى قۇرۇلتاي چاقىرىپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىدىن دېموگراتىك ئۇسۇلدا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلدى.

1952 ـ يىلدىن باشلاپ

پۈتۈن شەرقى تۈركىستان يېزىلىرىدا دېھقانلار قوزغۇلىڭى باشلىدى. دېھقانلار دەسلەپ باج ـ سېلىق يىغىش كادىرلىرىنى قوغلىۋەتتى. ئاشلىق ـ پاختا توشۇشقا كەلگەن ماشىنىلارنى كۆيدۈرىۋەتتى. قارشىلىق قىلغان خىتاي مەمۇرلىرىنى ئۇردى، ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا جالالات ۋاڭ جىن گېزىت ـ ژورنالدا «زومىگەرلەرنى بېسىقتۇرۇش» تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ، شەرقى تۈركستان يېزىلىرىدا بىر ـ بىرىگە تۇيدۇرماستىن قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. بەزى يېزىلار تانكا بىلەن پۈتۈنلەي ئوققا تۇتۇلدى. خەلقلەر ئات ـ چاپ قىلىندى. بەزى يېزىلاردا يۇرت مۇتىۋەرلىرى، ئاقساقاللىرى، زىيالىلىرى، مىللى ئارمىيىدىن قايتقان ئەسكەرلەر خەلق ئالدىدا ئاشكارا ئېتىپ تاشلاندى. ئۆلتۈرۈلگەنلەر 300 مىڭغا يەتتى. خىتاي كوممۇنىستلىرى ئارقىدىنلا «3 كەقارشى، 5 كە قارشى» دېگەندەك سىياسى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى، مىللى ئارمىيىنىڭ ئوفېتسىرلىرى ۋە يەرلىك زىيالىلاردىن بولۇپ 120 مىڭدەك كىشىنى قولغا ئالدى. بىر قىسمىنى تۈرمىلەردە قىيناپ ئۆلتۈردى. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ مەمتىمىن چىڭگىز داموللام، ئەسھەددۇللاھ داموللام، ئابدۇرىشىت مەۋلىۋى، قۇربان قوداي، ئابدۇل ئەزىز مەخسۇم قاتارلىق مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

1955 ـ يىلى 8 ـ ئايدا

خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ ئاتۇش، ئۇلۇغچات شۆبە بيۇرولىرى مەركەزنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، پۈتۈن خەلقنى قوزغۇلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللىگەن ئىدى. شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىستىقلال ئارمىيىسىنىڭ سابىق زەمبىرەكچى پولىك كوماندىرى جانايۇپ بىلەن ئۆمەرۇپ يوشۇرۇن ھالدا 300 دىن ئارتۇق قۇراللىق، ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ، 8 ـ ئايدا قۇراللىق قوزغۇلاڭ كۆتۈرۈپ ئۇلۇغچات تەۋەسىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنى ئازات قىلدى.

1955 ـ يىلى 6 ـ ئايدا

خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ يېڭىسار شۆبە بيۇرىسىنىڭ رەھبىرى مۇتەللىپ بىلەن جېلىل قارى قاتارلىقلار ساغان كەنتىدە مەخپى تەشكىللىنىپ، پۈتۈن يېڭىسار خەلقنى يازلىق يىغىم پەيتىدە قوزغۇلاڭ كۆتىرىشكە يېتەكلىدى.

1955 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

خوتەندىكى ئاتاغلىق ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن ئابلىمىت داموللام، پەتىھدىن مەخسۇم قاتارلىقلار ئىسلامى غازات قىلىپ ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنى ھايداپ چىقىرىپ، شەرقى تۈركىستان موسۇلمان دۆلىتى قۇرۇش چاقىرىقىنى چىقاردى.

1956 ـ يىلى 3 ـ ئايدا

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن باقى داموللام، مۇھەممەت داموللام باشچىلىقىدىكى مىڭغا يېقىن قۇراللىق دېھقانلار غازات ئېلان قىلىپ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇلار قارىقاشنى پەتىھ قىلغاندىن كېيىن، دەرھال تارىم ۋادىسىغا قاراپ ئاتلىنىپ، مۇنبەت زېمىنلارغا روخسەتسىز كىلىپ ئورۇنلىشۇالغان ۋە قارىقاش خەلقىنىڭ يايلاقلىرىنى ئىگەللەپ ئالغان ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى.

1956 - يىلى 5 - ئايدا

ئابدۇلقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار خىتاي ئىستىلاسىغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. لوپ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خىتاي ئەسكەر ۋە ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئىدارە ، ئورگانلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

1956 - يىلى 2 - ئايدا

شەرقى تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى قارىمايدىكى 2000 نەپەر ، قەشقەر كانسۇدىكى 1000 نەپەر ، قەشقەردىكى 500 نەپەر ئەسلىدىكى مىللى ئارمىيە ئەسكەرلىرىنى ( ھەربىدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ئەسكەرلەرنى ) مىجىت زاھىدى باشچىلىقىدا نۇرغۇن ئىقتىسات ئاجرىتىپ ئورۇمچىگە توپلىدى. ئۇلانباي ئاتلىق پولكى رەسمى قوراللىق قوزغىلاڭغا ھازىرلاندى. قوماندانلار ئوفىتسېرلارغا ، ئوفىتسېرلار جەڭچىلەرگە ئەمىلى ئەھۋالنى ئېنىق سۆزلەپ چۈشەندۈردى. ئەپسۇسكى خائىنىنىڭ ساتقىنلىقى تۈپەيلىدىن ئەتىسى قوزغىلىدىغان كۈنى كېچىسى تۇيۇقسىز بىر پولك ئاتلىق ئەسكەر قوراللىسىزلاندۇرۇلدى. كۈتۈلمىگەن پەيتتە قىلىنغان دەھشەتلىك قىرغىن ھۇجۇمىدا پولك قوماندانلىرى ۋە ئوفىتسېرلار ، شۇنىڭدەك خېلى ئەزالىرى قولغا ئېلىندى، جەڭچىلەر تارقىتىۋېتىلدى. قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرى تۈرمىلەردە ئۇزاق مۇددەت قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى.

1957 - يىلى 3 - ئايدا

خىتاي ھۆكۈمىتى « ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش » سىياسى ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. زىيالىلار خىتايلارنىڭ ھەرىكەتتىن كېيىنكى مەقسىدىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ، قىلچە ئىككىلەنمەي، قانلىق جىنايى پاكىتلارنى، ئالدامچىلىقلارنى، سۇيىقەستلىك ھىلە - مىكىرلەرنى ئېچىپ تاشلاپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى زوراۋانلىقلىرىنى پاش قىلدى. پۈتۈن شەرقى تۈركىستان شىكايەت مۇنبىرىگە

ئايلاندى. زىيالىلار يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ، مۇستەقىللىق داۋاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى . شۇ قېتىملىق سىياسى ھەرىكەتتە 150 مىڭ نەپەر شەرقى تۈركىستان زىيالىسى ۋە دىنى زاتلىرى « يەرلىك مىللەتچى » ، « ئوڭچى » قالپىقىنى كىيىپ خىزمەتتىن ھايدالدى، قولغا ئېلىندى، ئۆلتۈرۈلدى. خەلقىنىڭ نۇرغۇن مۇنەۋۋەر يېتەكچىلىرى ، رەھبەرلىرى يېزىلارغا سۈرگۈن قىلىندى.

1958 - يىلى

كۆكتۇقايدا جەمشىتقان ۋە دەلىلقان باشلىق چارۋىچىلارنىڭ مۇتىۋەرلىرى ئەسلىدىكى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىدىدە چارۋىچىلارنى قۇراللاندۇرۇپ، تەشكىللەپ قوزغىلاڭ كۆتەردى.

1958 - يىلى 10 - ئايدا

تۆمۈر خەلىپە، خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان قومۇل دېھقان - چارۋىچىلىرى يەتتە مىڭ پەلۋاننى يىغىپ قوزغىلاڭ كۆتەردى. قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرى خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر جەڭچىلىرىدىن سۇلتان ماھمۇت، ئىلى قۇربان ۋە سېيىت باتۇرلار ئىدى.

## 2 - يوشۇرۇن كۆرەش باسقۇچى ( 1960 - 1979 )

1961 - يىلى

شەرقى تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى غەربى تاغ كۆمۈر كانىدا 18 كىشىدىن تەركىپ تاپقان «شەرقى تۈركىستان ۋەتەن قۇتقۇزۇش پارتىيىسى » شۆبە بىيوروسى قۇرۇلدى.

1963 ـ يىلى يازدا

غەربى تاغ كان رايونىدا يېڭىدىن ياسالغان 5 دانە مۇددەتلىك پارتلايدىغان بومبا سىناق قىلىنىۋاتقاندا نەق مەيداندا 8 نەپەر ئۇيغۇر ياش ختايلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇرۇمچىدىكى 50 مىڭغا يېقىن ئىشچى قۇراللىنىپ قوزغىلاڭغا تەييارلىنىپ بولغان ئىدى.

1962 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى روسلارنىڭ ختايلارغا قارشى قۇراللىق تەھدىت سىلىۋاتقانلىقىدەك پايدىلىق ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئاممىۋى قوزغىلاڭ كۆتىرىپ ، چېگرىنى ئېچىۋېتىپ ئەسكەر ۋە قۇرال مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى غۇلجا شەھرىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئوقوغۇچى ـ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە شەھەر ئاھالىلىرى كوچىغا چىقىپ ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىش قىلدى. يوشۇرۇن قۇراللىق ئەترەتلەر جىددى بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى. 29 ـ كۈنى نامايىشچىلار ئوبلاستلىق كوممۇنىست پارتىيە كومىتېتى بىناسى ئالدىغا كەلگەندە، نەچچە مىڭ ختاي ئەسكىرى دەھشەتلىك ئوق چىقىرىپ نامايىشچى خەلقنى ئوق يامغۇرىغا تۇتتى. بىر ھەپتىگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە خەلق ئۆزلىرى ئىگەللىۋالغان قورغاس، چۆچەك چېگرىلىرىدىن سۆۋېت قازاقىستان تەۋەسىگە قاراپ قېچىشقا باشلىدى.

1962 ـ يىلى

غۇلجا، چۆچەك قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن ھىندىستان ـ ختاي چېگرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى، شەرقى تۈركىستان چېگرا بويلىرىدا « ۋەتەن قۇتقۇزۇش رادىئوسى » تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلىپ پايدىلىق ۋەزىيەت شەكىللەندى. ختايلار سوراق ئىقرارى بويىچە ئىسمىلىك تۈرغۇزۇپ، تىزىملىككە قاراپ ئادەم تۇتۇپ قامىدى. خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ نامىنى ئاشكارا ئاتاشنى چەكلىگەن ختايلار «

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

زەنجىرسىمان تەشكىلات » نامى ئاستىدا 30 مىڭدەك ئۇيغۇر ياشلىرىنى ۋە زىيالىيلىرىنى تۇتۇپ سولاپ قىيناپ يوق قىلدى.

1962 - يىلى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ ئاقسۇ شۆبە بيوروسى قوراللىق كۆرەشكە ماسلىشىش ئۈچۈن تەشكىلى قۇرۇلۇشنى كېڭەيتىپ، 10 نەچچە ناھىيە ۋە رايوندا مەخپى قوراللىق تەييارلىقنى باشلىغان ئىدى. پۈتۈن ئاقسۇ رايونىدا ئومۇمىيۈزلۈك چوشقا ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى چىقىپ بىرلا ۋاقىتتا خىتايلارنىڭ ھىساپسىز چوشقىلىرى زەھەرلىنىپ ياكى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

1965 - يىلى 8 - ئايدا

قادىر ساۋۇتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە پالتا مەمتىمىن پەيلو تۈرمىسىدىكى مەسئۇل خىزمىتىدىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇن يۆتكەپ كىلىنگەن 300 قورالنى تۈرمىدىكى « شەرقى تۈركىستان بورانلىرى » نامىدىكى خىپ ئەزالىرىغا تارقىتىپ بەردى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈرمە خىتاي ئەسكەرلىرىدىن تازىلىنىپ ئازات قىلىندى.

1966 - يىلى 5 - ئايدا

پۈتۈن خىتاي مىقياسىدا ھوقوق تارتىشىلىش كۆرىشى باشلىنىپ، ئىككى تەرەپ قوراللىق توقۇنۇش ئۇرۇشلىرى دىڭىزىغا غەرق بولدى. شەرقى تۈركىستاندا جاللات ۋاڭ ئىنماۋ بۇ كۆرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى ئاشكارا ھالدا ئەنئەنىۋى مىللى مەدەنىيەتكە؛ ئىسلام ئۆلىمالىرىغا، شەرقى تۈركىستانچىلارغا قاراتتى ۋە يەرلىك خەلقنى تۇتقۇن قىلدى، سازايى قىلدى، ئۇرۇپ ئۆلتەردى. قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى، غۇلجا ، بۆرتالا قاتارلىق شەھەرلەردە قۇرۇلغان ئاممىۋى تەشكىلاتلار نامىدىكى يەر ئاستى گورۇپپىلار ئۆزلىرى ئىگەللىۋالغان دائىرىلەردە قوراللىق توقۇنۇشلار

ئارقىلىق ئۆچ ئېلىش، تەشۋىقات ئارقىلىق خەلقنى ئويغۇتۇش، قۇرال ، ئوق - دورا تويلاپ كەلگۈسى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭ ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا يېتەكچىلىك رولىنى ئويناۋاتقان زىيالىلار، شەھەرلەردىكى ئىشچىلار ۋە ئاھالىلار، يېزىلاردىكى دېھقان ، چارۋىچىلار شەرقى تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ ئاساسى قوشۇنى بولۇپ شەكىللەندى. ئاممىۋى ئاساسى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن نەچچە يۈز ھەسسە كۈچلۈك بولغان بۇ پارتىيىنىڭ نامىنى ئىزچىل يۇشۇرۇپ كىلىۋاتقان خىتايلار 50 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بويان ، ئەڭ ئاساسى دۈشمىنى ھىسابلانغان بۇ پارتىينى يوق قىلىش ئۈچۈن قوللانمىغان قەبىھ ۋاستىسى، يۇشۇرۇن زىيانكەشلىگى، ھىلە- تۆھمەتلىرى قالمىدى.

1969 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

شەرقى تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىش قارارىنى ئالدى. چەتئەلنىڭ قۇرال ياردىمىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە، شەرقى تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى مەركىزى كومىتىتى پەۋقۇلئاددە ھوقوقلۇق ئالاقىچىسى ئايتەن، ئابىت ..... لارنى چەتئەلگە ئالاقىلىششقا يۇشۇرۇن ئىۋەتتى. قوزغىلاڭغا 3 كۈن قالغاندا ، تارىختىن بويان بىر نەچچە قېتىم شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق مەنپەئەتىنى خىتايلارغا سېتىپ ئادەتلەنگەن « چەتئەل » نىڭ يەنە ساتقىنلىق قىلغانلىقى مەلۇم بولدى. 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كېچىدە خىتاي دائىرىلىرى بېيجىڭنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا 2 مىليوندەك ئەسكەر، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى ۋە ساقچىسىنى ئىشقا سېلىپ بىرلا ۋاقىتتا شەرقى تۈركىستاننىڭ 15 شەھىرىدە تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلدى. پۈتۈن قاتناش لېنىيىلىرى قامال قىلىندى. يېزىلار قورشالدى. « نوپۇس تەكشۈرۈش » نىقاۋىدا ئىلىپ بېرىلىۋاتقان تۇتقۇندا زىيالىلار، پېشقەدەم كادىرلار، ئوقوتقۇچىلار، ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېتەكچىلىرى تىزىملىك بويىچە تۇتقۇن قىلىندى. شەھەر ئاھالىلىرى قارا قويۇق تۇتۇلدى. ئىدارە - ئورگانلار، كىنو- تىياتىرخانىلار، مەكتەپ ، ئامبارلارغا تۇتۇلغان كىشىلەر سولاندى. قاتتىق تەكشۈرۈش ۋە قىيىن -

قىستاقلاردىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ 32 مىڭ ئەزاسىدىن باشقا 30 مىڭدەك كىشى نازارەتكە قويۇپ بېرىلدى. پۈتۈن ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپلىرىدىن كوللىكتىپ ھالدا يوشۇرۇن تۈرمە لاگىرلىرىغا يۆتكەپ كېتىلدى. شەھەرلەردە بىرئايغا يېقىن جىددىي ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلدى.

1970 ـ يىلى 3 ـ ئايدا

شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسىنىڭ 60 مىڭغا يېقىن ئەزاسى دەھشەتلىك تۇتقۇن قىلىندى. نەچچە مىڭ خەلق پەرزەندى ئېتىپ تاشلاندى. زاۋۇتلار، ئاشلىق ئامبارلىرى تۈرمىلەرگە ئۆزگەرتىلدى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى لاگىرلارغا سولاندى.

## 3 ـ ئاشكارا دېموكراتىك كۆرەش باسقۇچى

## (1990 — 1980)

1980 ـ يىللاردا

1970 ـ يىلدىكى قانلىق باستۇرۇشتىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋەھىمە ئىچىدە 10 يىلنى ئۆتكەزدى. بۇ 10 يىل ئىزلىنىش، ئىركىشىش ھالىتىدە ئۆتتى. خەلق ئىدىيىۋى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى، مائارىپنى چىڭ تۇتۇش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش، كەلگۈسىنىڭ ئۈمىت ئۇرۇقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ۋە ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن پەيت كۈتۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدى. خەلق ئىنقىلاۋى پارتىيىسى « سۇغا چۆكۈلۈش » تاكتىكىسىنى داۋاملاشتۇردى. 1980 ـ يىللاردا پارتىيە تەشكىلاتى تېخىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە مەخپىيەتلىككە قەدەم قويدى. قانۇنى كۆرەش، دېموكراتىك كۆرەش ۋە ئاممىۋى

كۆرەش شەكلى ئارقىلىق شەرقى تۈركىستانىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ھازىرلىنىقلار باشلاندى. زىيالىلاردا تارىخ تەتقىقاتى ئەۋج ئالدى. شەرقى تۈركىستان خەلقى شەھەر ، يېزىلاردا تەڭلا مىللى ئويغۇنۇش كۆرىشىنى قانات يايدۇردى. خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاساسقانۇنىدىكى « نامايىش قىلىش ئەركىنلىگى » دىمو دىراتىك كۆرەشنىڭ قانۇنى شەكلدە چوڭ رول ئوينىدى.

1979 ـ يىلى قىشتا

بۆرتالا چېگرا بويلىرىدا ئورمان ئىچىدە ئوۋ قىلغان ئوۋچىلارنىڭ مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان خىتاي چېگرا ئەسكەرلىرى قورقۇپ كىتىپ چېگرا ئىچىدە روس ئەسكەرلىرىنىڭ ئوق ئاتقانلىقىنى يوقىرىغا دوكلات قىلدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خىتاي ئەسكەرلىرى ۋە مەمۇرلىرى قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتى. ھەربى قوماندانلار ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلار ئالدىراشلىق بىلەن ئائىلىلىرىنى ۋە بالىلىرىنى مەكتەپتىن توختۇتۇپ ئىچكى خىتايغا يۆتكەشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن خىتايلار بەس - بەس بىلەن قېچىشقا باشلىدى.

1980 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

قارغىلىق ناھىيىسىدە قاراقچىلىق قىلىپ يۈرگەن خىتاي ئەسكەرلىرى مەھەللىلەرنى ئارىلاپ بىر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىنىڭ 7 ياشلىق بالىسىنى ماشىنىدا دەسسەپ ئۆلتۈرىۋىتىپ قىچىپ كەتتى. مىڭلىغان خىتاي ئەسكىرى قارغىلىققا باستۇرۇپ كىرىپ بىگۇنا خەلقنى تۇتقۇن قىلدى.

1980 ـ يىلى 12 ـ ئايدا

ئۈرۈمچىدە خىتايلار تەرىپىدىن سۈيقەست بىلەن كوچىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن مۇجاھىد يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ قانلىق جەسىدىنى كۆتەرگەن ئۈرۈمچى توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىشچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى كومىتىتى بىناسىغا بېسىپ كەلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1980 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

قەشقەردە ھەددىدىن ئاشقان خىتايلار بىر ئۇيغۇر ياشنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتتى. شۇ كۈنى ئۇيغۇر ياشنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە كەلگەن خەلق غەزەپلىنىپ جەسەتنى كۆتىرىپ نامايىشقا چىقتى. بىرقانچە سائەتتىن كىيىنلا نامايىشچىلار 30 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى ۋە خىتايلار قەتئى كونترول قىلالمايدىغان ھالغا كەلدى. پۈتۈن قەشقەردە كۆرگەنلا يەردە خىتاي ئەسكەر ياكى مەمۇرلىرىنى ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈپ، ماشىنا، ئىدارە ئورگانلارنى بۇزۇپ، چىقىپ ئىنتىقام ئالىدىغان قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى.

1981 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

قارغىلىقتا يوشۇرۇن تەشكىللەنگەن بىر نەچچە يۈز ياش تەييارلىق بىلەن ئىسلامى غازات ئېلان قىلىپ تەۋەسىدىكى خىتاي ئەسكەر، ساقچىلىرىغا ئوت ئاچتى. ئەتراپتىكى يېزىلارنى ئازات قىلغان مۇجاھىدلار ناھىيگە تەھدىت سالدى.

1981 - يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى

پەيزىۋات ناھىيىسىدە يوشۇرۇن تەشكىللەنگەن 200 دىن ئارتۇق غازاتچى ياش خىتايلارنىڭ ناھىيىلىك قۇراللىق ساقچى قىسىمىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، نۇرغۇن قۇرال، ئوق - دورا غەنىمەت ئولجا ئالدى. غازاتچىلار ستراتىگىيىلىك ئورمانلىق تاققا چىقىۋېلىپ خىتاي ئەسكەرلىرىنى زور چىقىمغا ئۇچراتتى.

1981 - يىلى مايغا قەدەر

شەرقى تۈركىستاننىڭ 77 رايونىدا ئارقا- ئارقىدىن يەرلىك خەلق بىلەن خىتاي تەرەپ ئارىسىدا سۇ تالىشىش ماجرالىرى ، يايلاق تالىشىش ئۇرۇشلىرى

يۇزبەردى. دېھقانلار ھەممە يەردە كەتمەن، ئورغاقلىنى كۆتىرىپ چىقىپ سۇ تالىشىپ سوقۇشتى. ئىككى تەرەپتىن سانسىز ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. ئۇرۇشلار مەيدانغا كەلدى.

1981 - يىلى 4 - ئايدا

بۆرتالادىكى ئىشلەپچىقىرىش ئارمىيىسىنىڭ 5 - دېۋىزىيىسىنىڭ 4 - ئەترىتىدىكى ئۇيغۇرلارغا سۇ بېشنى ئىگەللىۋالغان خىتايلار سۇ بەرمىدى. ئۇيغۇرلار قانۇنى داۋا قىلسا ئاقمىغاندىن كىيىن ، 200 گە يېقىن ئۇيغۇر قۇراللىنىپ چىقىپ ئۇرۇشتى، خىتايلار ھەر تەرەپتىن قۇراللىق قىسىملىرى بىلەن قورشاپ باستۇردى.

1983 - يىلى 6 - ئايدا

قارغىلىق ناھىيىسىنىڭ كۆكيار يېزىسىدىكى كۆزدە مەھەللىسىگە يەرلىشىۋالغان خىتاي دۆلەت مۇداپىئە ئەسكەرلىرى تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ بېقىۋاتقان كالا، قويلىرىنى ئوۋ ئوۋلاپ، بىرقوتازنى ئېتىپ ئۆلتەردى. نەق مەيداندا قارشىلىق قىلغان بىر ئۇيغۇر ئىشچىنى ئېتىپ تاشلاپ ھەربى بارىگاھىغا قېچىپ كىرىۋالدى. ئىشچىلار ۋە دېھقانلار غەزەپلىنىپ قوغلاپ كىلىپ قاتىلنى تەلەپ قىلغاندا، خىتايلار يەنە ئوق چىقىرىپ قارشىلىق قىلدى. ئاخىرىدا قاتىلنى قەستەن قاچۇرىۋېتىپ « ئۆزى قېچىپ كەتتى » دەپ خەلقنى ئالداپ زور نامايىشقا سەۋەپ بولدى.

1983 - يىلدا

قەشقەر رايونى نوپوس ئۆستۈنلىگى بىلەن خىتايلار كونترول قىلالمايدىغان ھالغا كەلگەن ئىدى. قەشقەر « ياش ئۆچقۇنلار » تەشكىلاتى ئاشكارا پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى. مەسچىت ۋە جامائەت سورۇنلىرىدا نوتۇق سۆزلەش، ئاشكارا تەشۋىق ۋارىقى تارقىتىش، مەخپى خەت يېزىش شەكىللىرى ئارقىلىق بۇ تەشكىلات خەلققە مەدەنى مائارىپنى چىلىڭ تۇتۇش، قانۇنى ھەقلىرىنى قوغداش، ئىسلامىيەتنى ھۆكۈمران

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىش، جاھادقا ھازىرلىنىش تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى.

1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بارلىق ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەخپىي تەشكىللىنىپ كوچىغا نامايىشقا چىقتى. بىرلا ۋاقىتتا قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، بۆرتالا قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ قوشۇلۇپ نامايىشچىلار قوشۇنى 15 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

1986 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

ئەتىگەندە شەرقىي تۈركىستاندىكى سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكى بىناسى ئالدىدا، بۇ مىنىستىرلىكنىڭ بىرىنچى باشلىقى ئۇيغۇر مىنوپىنىڭ مەخسۇس ئاپتوموبىلى پارتلىدى. ئۇيغۇر مىنوپىنىڭ قىزى، ئاتاغلىق كىنو ئارتىسى شاتگۈل ئۇيغۇر نەق مەيداندا ئۆلدى. ئۆيدىن كېچىكىپ چىققان ئۇيغۇر مىنوپ ھايات قالدى.

1988 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 5 مىڭدىن ئارتۇق كىشى شەرقىي تۈركىستان ئۇنىۋېرسىتېتىدا «مىللىي كەمسىتىشكە نارازىلىق بىلدۈرۈش يىغىنى» ئاچتى. ئوقۇغۇچىلار ئىككى كۈنگىچە دەرس تاشلاپ كوچىلارغا چىقىپ نارازىلىق نامايىشى قىلدى. ئوقۇغۇچىلار مىللىي باراۋەرلىك شۇئارلىرىنى توۋلاپ، مىللىي كەمسىتىش، تەڭسىزلىك، ناھەقچىلىك قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى.

1989 - يىلى 4 - ، 5 - ئايلاردا

بېيجىڭدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئۆركەش باشچىلىقىدا خىتاي ياشلىرىنىڭ دېموگراتىيە تەلەپ قىلىش نامايىشى كۆرىشى باشلاندى. خەلقتىن مەدەت ئالغان ئوقۇغۇچىلار ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھازىرلىقىنى قىلىۋاتقاندا ، تۇيۇقسىز قانلىق باستۇرۇلدى. بۇ ھەرىكەتكە بېيجىڭ، شاڭخەي، نەنجىڭ، لەنجۇ قاتارلىق

خىتاي شەھەرلىرىدە ئوقۇۋاتقان 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ قاتناشتى.

پەيتىنى چىڭ تۇتقان شەرقى تۈركىستاندىكى يەرلىك ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۈرۈمچىدە « ئالى مەكتەپلەردە ھەرىكەت قىلىش ھەيئىتى » قۇرۇپ بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەپ، نامايىشقا چىقتى.

1989 - يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

ئۈرۈمچى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار خىتايلار يېزىپ تارقاتقان « جىنسىيەت ۋە ئەنئەنە » ناملىق قۇرئانى كەرىمگە ھاقارەت كەلتۈرگەن كىتاپقا قارشى ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا نارازىلىق نامايىشى قىلدى. ئەتىسى پۈتۈن ئۈرۈمچى ئاھالىسى قوشۇلۇپ نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ سانى كۆپىيىپ 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

1990 - يىللاردا

خىتايلار يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدىنى، غازى يازار تۇردى سامساقنى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈردى. يازار ھاجى قۇمارنى تۈرمىگە سولىدى. تارىخشوناس، يازار تۇرغۇن ئالماسنى دۆلەت دەرىجىلىك يىغىن ئىچىپ كۆرەش قىلدى ۋە تەقىپ ئاستىغا ئالدى. ئارخىئولوگ، قەدىمى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قۇربان ۋەلىنى، پىروفىسسور، ئەدەبىياتچى تۇرسۇن قۇربانىنى ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، ياشلار نەشرىياتى، خەلق نەشرىياتى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى قاتارلىقلارنىڭ باشلىقلىرىنى خىزمەت ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. بىرمۇنچە يازارلارنىڭ، ئالىملارنىڭ مەتبۇئات ھوقوقىنى يوشۇرۇنچە مەنئى قىلدى. نەشرىيات، گېزىت، ژورناللارنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالدى. مەسئوللارنى ۋە يازارلارنى دىكتاتورا ئورگانلىرى چاقىرتىپ يوشۇرۇن تەھدىت سالدى ۋە قارا تىزىملىك تۇرغۇزۇپ نازارەت قىلىپ تۇردى.

## 4 ـ قىساس ـ ئىنتىقام باسقۇچى ( 1990 . )

### 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

شەرقىي تۈركىستان قەشقەرنىڭ بارىن يېزىسىدىكى دېھقانلار شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسىنىڭ بارىن شۆبىسىنىڭ قۇرغۇچىسى زەيىندىن يۈسۈپ باشچىلىقىدا ئۇزاق مۇددەت تەييارلىق كۆرۈپ، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىپ كۆلىمى بىر قەدەر زور بولغان قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. قوزغىلاڭچىلار قۇرال ، بومبا ياساپ، ھەربىي ئات ستىۋېلىپ، باشقا ۋىلايەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، شۇ كۈنى 10 مىڭدەك ئادەم بىردەك ھەرىكەتلىنىپ قولىدا مىلتىق، بومبا، كەتمەن، ئورغاق پىچاقلارنى كۆتىرىپ ھۆكۈمەت ئىدارىسىنى بىسىۋالدى. خىتاي ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. تۆرت كىچە ـ كۈندۈز گىچە شىددەتلىك جەڭ داۋام قىلدى. ئاي يولتۇزلۇق كۆك بايراق كۆتەرگەن مۇجاھىدلارنىڭ قەھرىمانلىقى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە زور مەدەت بولدى. قانلىق باستۇرۇشلار نەتىجىسىدە 2000 دىن ئارتۇق كىشى قولغا ئېلىندى، 200 گە يېقىن مۇجاھىد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ شېھىت بولدى.

### 1990 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىكى قورغاس ناھىيىسىنىڭ بازىرىدا ئون نەچچە نەپەر ئاققۇن خىتاي بىر ئۇيغۇر ياشنى قەستەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتتى. ئەتىسى سەھەردە بازاردىكى ياشلار توپلۇشۇپ، قاتىلنى ئىزدىدى. چۈشكە يېقىن ياشلار پۈتۈن ناھىيە بازىرىنى ئىگەللەپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قاتىل خىتايلارنى يوشۇرۇپ قاچۇرىۋەتكەنلىگىنى ئاڭلىغان خەلق توپى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ناھىيىدە بىرمۇ خىتاي قالمىدى. بۇ جەرياندا مىڭغا يېقىن خىتاي تاياق يېدى، 200 دەك خىتاي مەمۇرلىرى ئېغىر يارىدار بولدى. تاشيول بويىدا 2 مىڭغا يېقىن ئاپتوموبىل مۇسادىرە قىلىندى ياكى چېقىپ تاشلاندى.

1992 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

« شەرقى تۈركىستان ئىسلام ئىسلاھاتچىلار پارتىيىسى » نىڭ ئەزالىرى ئۈرۈمچىدىكى خىتايلار زىچ توپلاشقان رايونلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى ئاپتوۋۇزنى پارتلىتىۋىتىپ، نۇرغۇن خىتايلارنى ئۆلتۈرۈپ ۋە يارىدار قىلىپ، ئۈرۈمچىدىن چىكىنىپ چىقىپ كەتتى.

1992 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

قارغىلىق ناھىيىسىنىڭ مازار رايونىدا چەتئەل چېگرىسىغا قاراپ چېكىنگەن « شەرقى تۈركىستان ئىسلام ئىسلاھاتچىلار پارتىيىسى » نىڭ قوراللىق مۇجاھىدلىرى بىلەن خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتى. خىتاي ئەسكەرلىرى ھەربى ئۇچاقلىرى بىلەن شىددەتلىك بومباردىمان قىلىپ، زەمبىرەكلىرى بىلەن توپقا تۇتۇپ، ئۈچ نەپەر مۇجاھىدنى شېھىت قىلدى، يارىدار بولغان بىر مۇنچە مۇجاھىدنى تۇتۇپ كەتتى.

1992 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق كۇچار ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە چوڭ پارتلاش يۈز بەردى. كىم تەرىپىدىن ئىلىپ بېرىلغانلىقى ۋە قانچىلىك زىيان كەلتۈرگەنلىكى مەلۇم ئەمەس .

1992 ـ يىلى 7 ـ ئاي

قەشقەر ، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىن قولغا ئېلىنغان 500 دىن ئارتۇق مەخپى تەشكىلات ئەزالىرى ـ ئۇيغۇر ياشلار يوشۇرۇنلۇقچە ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىلەرگە يۆتكەپ كىلىنىپ، سوراق قىلىنىشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

1992 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

بىلىنمىگەن مەخپىي تەشكىلات ئەزالىرى قومۇل رايونىدا ئىچكى خىتايغا قاتنايدىغان تۆمۈر يول لىنىيىسىنى پارتلىتىۋەتتى. بىر نەچچە ھەپتىگىچە قاتناش توختاپ قىلىشىغا سەۋەپ بولدى.

1993 ـ يىلى 2 ـ ئاي

گۇما ناھىيىسىدىكى خىتاي ھەربى قىسىملىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئۇيغۇر ئەسكەر جۇمە نامىزىغا بارغانلىقى ئۈچۈن خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قاتتىق مەسخىرە قىلىنىپ ئۇرۇلدى. ئۆزىنىڭ ئىنسانى ھەققىنى ۋە نامۇسىنى قوغدىغان ئەسكەر خىتاي ئەسكەرلىرىگە قۇراللىق قارشىلىق كۆرسىتىپ ئوق چىقاردى. ئەمما خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە ئېتىپ تاشلاندى.

1993 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

قەشقەر شەھىرىدىكى بوستان مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا دەھشەتلىك بىر بومبا پارتلىدى. قاتىلنى تاپالمىغان خىتاي ساقچىلىرى نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرىنى گۇمان بىلەن قولغا ئېلىپ تۇتۇپ كەتتى.

1993 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن ئابدۇلھېكىم مەخسۇمنىڭ تالىپلىرى نامىدا بىر كۈن ئىچىدە 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشلىرى تۇتۇلغان بولۇپ، ھەرقايسى جايلارغا قامالغان.

1993 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى يېزا ئىگىلىك باشقارمىسى بىناسى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن پارتلىتىۋېتىلدى.

1993 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

قەشقەر شەھىرىدە ئالىمجان باشلىق 5 نەپەر ئۇيغۇر يىگىتى خىتايلارنىڭ قەشقەردىكى ئەدلىيە باشقارمىسىغا كىرىپ تاپانچا ۋە ئوق ئوغرىلاپ چىقىپ خىتايلارنىڭ 5 نەپەر دەم ئېلىشقا چىققان قىرى ئوفىتسېرلىرىنى ئېتىپ تاشلاپ قولغا ئېلىندى ۋە ئالىمجان شۇ كۈنى شېھىت بولدى.

1993 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ... كۈنى

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ئالدىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان خىتايلار نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان پارتلاشقا دۇچ كەلدى.

1993 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

قومۇلنىڭ مەلۇم قىساسچى ئەتىرىدى يەنە تۆمۈر يولنى پارتلىتىۋەتتى.

1993 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

تۇرپان شەھەر ئىچىدە ماگزىننىڭ ئالدىدىكى ۋېلسىپتلەر پارتلىتىۋېتىلدى.

1993 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ... كۈنلىرى

كورلىدا ھۆكۈمەت نارماقلىرى خەلقنىڭ ئېكسپورت نەشپۈتلىرىنى ساتقۇزماي قامال قىلىۋېلىپ، نۇرغۇن نەشپۈت سېسىپ كەتتى. پۈتۈن باغلار كونترول قىلىنىپ تاشقى سودا ئىدارىسىدىن باشقا يەرگە نەشپۈت سېتىش چەكلەندى. تاشقى سودا ئىدارىسى قىشقا قەدەر كېلىپ سېتىۋالمىدى. نەتىجىدە كۆپ زىيان بولدى. غەزەپلەنگەن باغۋەنلەر بارلىق نەشپۈت دەرەخلىرىنى كېسىۋېتىپ ، خىتايلارغا نارازىلىقنى بىلدۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1994 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

ئۈرۈمچى لىيۇداۋان تۈرمىسىنىڭ ئەسكەرلىرى تۈرمە 1 ـ كورپۇس 7 ـ كامىردىكى ئوبۇلقاسىم قاتارلىق 4 نەپەر مۇجاھىدنى ئىسيان قىلدى دىگەن باھانە بىلەن ئاپتوماتلىق ئوق يامغۇرىغا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋىتىپ كامىر تاملىرىنى قىپ ـ قىزىل قانغا بويىدى. تۈرمىدىكى مەھبۇسلار ھەممىسى كۆردى.

1994 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

يېرىم كېچىدە ئاقسۇ شەھرىدە ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمە بىناسى، توقسۇ ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسى، ئۈچ ئۆستەڭ كۆۋرۈگى قاتارلىق ئۈچ جاي بىرلا ۋاقىتتا دەھشەتلىك پارتلىدى. ئاقسۇ بانكا بىناسىغا قويۇلغان بومبا پارتلىماي قالدى. ھۆكۈمەت گۇمان بىلەن 1084 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى قولغا ئالدى.

1994 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تۈرمىسى نامەلۇم كىشلەر تەرىپىدىن پارتلىتىلدى.

1995 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

خىتاي دائىرىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئوچۇق سوت ئېچىپ، « شەرقى تۈركىستان ئىسلام ئىسلاھاتچىلار پارتىيىسى » نىڭ ئاساسلىق يېتەكچىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ھۆكۈم ئېلان قىلدى. ئابلىمىت تالىپ، ئىدرىسخان ئۆمەر، مەمەتئىمىن سىيىت، خېلىل ئالتۇن، ئابدۇللا مەمەت قاتارلىق بەش نەپەر قۇرغۇچى يېتەكچىلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ خەلق ئالدىدا ئاشكارا ئېتىپ دەرھال ئىجرا قىلدى.

1995 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل تاغنىڭ ئۈستىدە شەرقى تۈركىستاننىڭ جۇمھۇرىيەت بايرىقى ـ ئاي يولتۇزلۇق كۆك بايراق لەپىلدىدى.

1995 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

خوتەن شەھەر ئىچىدىكى بەيتۇللاھ مىچىتىنىڭ ئىمام خەتىپى ئابدۇقەيۇم ئابدۇمىجىت ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن ئىلىپ تاشلىنىپ ئورنىغا مەتقۇربان داموللا ھاجىم بەلگىلەندى ۋە شۇ كۈنى ئىمام كەلمەي جۈمە نامىزى كىچىكىشكە باشلىدى. ئىمامنى ھۆكۈمەت تۇتۇپ كىتىپتۇ دەپ ئاڭلىغان خەلق قوزغۇلۇپ، ۋىلايەتلىك ۋالى مەھكىمىسى ۋە ساقچى ئىدارىسى بىنالىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ ، دىنى ئەركىنلىگىنى تەلەپ قىلدى. بۇ جەرياندا 2 سائەتكە قەدەر ساقچىلار بىلەن ئېلىشتى. ئەتراپنى قۇراللىق قورشىۋالغان خىتاي ئەسكەر، ساقچىلىرى بومبا ئېتىپ ئوق چىقىرىپ تۇتقۇن قىلدى . شۇ كۈنى ھەر تەرەپتىن بولۇپ جەمى 3000 دىن ئارتۇق موسۇلمان ياش قولغا ئېلىندى. تۈرمىلەردە ئېغىر بىسىم ۋە ھاقارەتلەر بىلەن سوراق قىلىندى.

1995 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

غۇلجىدا كېڭىيىپ ئومۇملىشىۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەشرەپ ئويۇنلىرىدىن چۆچىگەن خىتايلار ئاممىۋى فوتبول مۇسابىقىسىگە روخسەت بەرمەي ، نارازىلىق بىلدۈرگەنلەرنى تۇتقۇن قىلىش باھانىسىدا مەشرەپ باشچىلىرى ۋە قاتناشچىلىرى بولۇپ بىرنەچچە مىڭ مۇسۇلمان ياشنى قولغا ئېلىپ خەلقنىڭ غەزىۋىنى تاشۇردى.

1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

خىتاي ھۆكۈمرانلىرى قەشقەر شەھىرىدە ئوچۇق سوت يىغنى ئېچىپ ، سىياسى قارىشى ئوخشىمىغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى . ناھەقچىلىككە چىدىمىغان خەلق سوت يىغىنىدا قوزغۇلۇپ نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى. خىتاي ئەسكەر، ساقچىلىرى بىرنەچچە كۈنگە قەدەر كىچىلەپ ئۆي ئاختۇرۇپ،ئادەم تۇتۇپ، بىر قانچە مىڭ ياشنى قولغا ئېلىپ خەلقنىڭ غەزىۋىنى

www.uyghurkitap.com

ئۆرلەتتى.

1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى 3 - دېۋىزىيە 6 - پولكىنى زىيارەت قىلىۋاتقان قوماندان جاڭ بىلەن رەئىس ئابلەت ئابدىرىشىتنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان بىر گۇرۇپپا چوڭ ئۆستەڭ كۆرىكىگە مۇددەتلىك پارتلايدىغان بومبا ئورۇنلاشتۇرغان. يېرىم سائەت بالدۇر پارتلىغان كۆۋرۈكتە بىر خىتاي ئۆلگەن.

1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيىسىدىكى ھۆكۈمەت پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى نامەلۇم كىشلەر تەرىپىدىن ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋېتىلگەن.

1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

« يۈز كۈنلۈك باستۇرۇش پىلانى » تۈزگەن خىتاي دىكتاتورا ئورگانلىرى شەرقى تۈركىستاندا ئەتكەسچى، خىروئىنچى، بۆلگۈنچى، فانتۈركىست، فانئىسلامىست دىگەندەك قارىلاشلار بىلەن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشلىرىنى قولغا ئالدى. پەقەت قارىقاش ناھىيىسىدىلا بىر ئاي ئىچىدە 114 نەپەر بىگۇنا ياش قولغا ئېلىنغان . بۇ تۇتقۇن داۋام قىلماقتا.

1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىدىكى بازار ئىچىدە تاملارغا « خىتايلار شەرقى تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن ! » ، « يوقالسۇن كوممۇنىست دىكتاتورىسى ! » ، « ياشسۇن چېچەنىستان ئىنقىلاۋى ! » تارلىق شۇئارلارنى چاپلاۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرى ، ئۆزلىرىنى تۇتقىلى كەلگەن ئىككى ساقچىنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ قويۇپ قېچىپ كەتكەن.

1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

ئۈرۈمچى جەنوبى ئازاتلىق يولىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك شىركىتى ئۇدۇلىدىكى كوچىدا بىر ئۆيگە يوشۇرۇنغان قۇراللىق ئۇيغۇر ياشلار بىلەن خىتاي ساقچىلىرى ئوتتۇرىسىدا چىققان شىددەتلىك ئېتىشىش نەتىجىسىدە 2 خىتاي ئەسكىرى ئۆلگەن، 2 قىساسچى ياش شېھىد بولغان. كوچىدىكى بىر ئۇيغۇر ئايال يارىلانغان. ياشلارنىڭ ئابدۇرېھىم ئىسىملىك يېتەكچىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خىمىيە سانائەت زاۋۇدى ئائىلىلىكلەر بىناسىدا قورشاپ قولغا ئېلىنغان.

1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

قەشقەر كېرەمباغ بازىرىدىكى بىر قاسساپ ھۆكۈمەت بازار باشقۇرۇش ئەمەلدارلىرىنىڭ پارىخورلۇق بىلەن بوزەك قىلىشىغا چىدىماي، پارا بېرىشكە زورلىغان بىر خىتاي مەمۇرىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرىۋەتكەن.

1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

سەھەردە قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىغا ماڭغان ئىمام ھارۇنخان ھاجى ۋە ئوغلى مەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن پىچاقلىنىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئوغلى ئۆلگەن. بۇ ۋەقە ، خىتاي غالچىلىرىدىن ئۆچ ئېلىش ۋەقەسى ھېساپلىنىپ نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلار گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنغان.

1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى تەكلىماكان چۆللىكىگە چېكىنگەن قۇراللىق تەشكىلاتتىكى ئۇيغۇر ياشلارنى تۇتۇش ئۈچۈن 4 تىك ئۇچار ئايروپىلان، 5 ئاپتوموبىل، 30 تۆگە بىلەن تەكلىماكانغا كىرگەن 40 نەچچە نەپەر خىتاي ئەسكىرى شۇ كۈنى 5 ئەسكىرىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتىرىپ چېكىنىپ چىققان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

ئاقسۇنىڭ كۈچار، توقسۇ، كەلپىن قاتارلىق ناھىيىلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر قانچە گۇرۇپپا قىساسچى ياشلار ئەترەتلىرى ئىغىر ۋە زامانىۋى قۇراللار بىلەن قۇراللىنىپ، خىتاي ئەسكەرلىرىگە قارشى ئوت ئاچقان ۋە ئىككى كۈن داۋام قىلغان ئۇرۇشتا يۈزلەرچە ئەسكىرى ئۆلگەن خىتايلار غالجىرلىشىپ زەمبىرەك بىلەن توپقا تۇتۇپ، ئىككى نەپەر مۇجاھىدنى شېھىد قىلغان. ئالتە نەپەر مۇجاھىد قەھرىمانلارچە سوقۇشۇپ قۇربان بولغان. بىر قانچىسى يارىدار بولۇپ دۈشمەن قولىغا چۈشكەن. قالغانلىرى چېكىنىپ كەتكەن.

1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

ئۈرۈمچى دۆڭ كۆۋرۈك ئەتراپىدا 7 ياشلىق ئۇيغۇر بالىسىنى ماشىنىسىدا دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قاچماقچى بولغان خىتاي شوفىر ۋە ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قاچماقچى بولغان ساقچىلار بىلەن ئۇيغۇر ياشلار ئوتتۇرىسىدا چىققان ئۇرۇش 4سائەت داۋاملاشقان ھەربى ھالەتتىن كىيىن توختىغان. خىتاي ساقچىلىرى يەنە 12 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى قولغا ئالغان.

1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق تىياتىرى ئارقىسىدىكى دۆلەت مۇداپىئە مېھمانخانىسىدىن چىققان قىساسچى تەشكىلات ئەزالىرى ئىككى چوڭ سومكىغا قاچىلانغان قۇرال ۋە پارتلىتىش دورىلىرى بىلەن تۇتۇلۇپ قالغان.

1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىكى غۇلجا شەھرىدە ئىسلامىيەتكە قارشى ئىلىپ بېرىلىۋاتقان قىرغىنچىلىقلارغا قارشى 400 دىن ئارتۇق مۇسۇلمان ياشلار نامايىش قىلدى. خىتاي ئەسكەر ۋە ساقچىلىرى نامايىشچىلارغا ئوق ئېتىپ ، بومبا تاشلاپ نۇرغۇن كىشىنى ئۆلتەردى ۋە يارىدار قىلدى . خىتايلار 300 گە

يېقىن ئۇيغۇر ياشنى سۇ چىچىپ توكلۇتۇپ، ئوق ئېتىپ، ئىتقا تالىتىپ ۋە سوراقتا ئۇرۇپ قىيناپ ئۆلتۈرىۋەتتى. 3000 دىن ئارتۇق ياشنى قولغا ئالدى. نەچچە ئاي ھەربى ھالەت يۈرگۈزۈپ بىگۇنا خەلقنى ئۇردى، قىيندى ، سوراق قىلدى ، ئۆيلەرنى ئاختۇردى، ياشلارنى تۇتۇپ كەتتى. ھازىرغىچە تۇتۇپ كىتىپ ئىزدېرىگى بولمىغانلارنىڭ سانى 1600 گەيەتتى. بۇ گۇنگە قەدەر بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قولغا ئېلىنغان شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ سانى 65 مىڭغا يەتتى. ھازىرغىچە ھەرئايدا بىرقېتىم دىگىدەك ئوچۇق سوت ئېچىلىپ ئۇيغۇر ياشلىرى 20 ـ 30 كىشىلىك گۇرۇپپا ھالىدا ئۆلۈمگە ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك تۈرمىلەرگە ھۆكۈم قىلىنىپ ئىجرا قىلىنماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 10 ـ باپ خەلقارادىكى ۋەتەن داۋاسى

شەرقى تۈركىستان خەلقى دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بىر ئەسىردىن بىرى خەلقارا پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا. 1870 ـ يىللاردا ياقۇپ بەگ بەدۆۋلەت قۇرغان شەرقى تۈركىستان دۆلىتى تۈركىيە، روسىيە ، ئەنگىلىيە، ھىندىستانلارغا ئەلچى ئېۋەتتى. ئۇ دۆلەتلەر شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە ئەسكىرى دىپلوماتىيەلەردە بولدى. 1933 ـ يىلى قۇرۇلغان شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە، ئىلگىرى ۋە كېيىن بولۇپ، ساۋۇت داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، مەمتىلى تەۋپىق قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر ئەرەبىستان، تۈركىيە، مىسىر، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ھەج، زىيارەت مۇناسىۋىتى بىلەن تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئاكا ـ ئۇكا ھۆسەن بايلار گېرمانىيە، روسىيە، ئەنگىلىيەلەر بىلەن سودا مۇناسىۋىتى قىلدى. بۇ چاغدا شەرقى تۈركىستاندىن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار تۈركىيە، مىسىر، روسىيە، ھىندىستان ئۆزبەكىستانلارغا ئوقۇشقا چىقتى. 1944 ـ يىلى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى روسىيە، خىتاي، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن رەسمى ۋە غەيرى رەسمى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە بولدى. 1949 ـ يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقى تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەندە نۇرغۇن شەرقى تۈركىستانلىقلار كەشمىر، ھىندىستانلارغا چىقىپ كەتتى. 1950 ـ يىللاردا نۇرغۇن كىشىلەر روسىيە پاسپورتى ئېلىپ قازاقىستان، ئۆزبەكىستان، قىرغىزىستانلارغا كۆچۈپ چىقىپ كەتتى. 1960 ـ يىللاردا يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئاۋغانىستانغا چىقىپ كەتتى. 1962 ـ يىلى ناھايىتى نۇرغۇن كىشى قازاقىستانغا قېچىپ چىقىپ كەتتى. 1984 ـ يىلدىن كېيىن ، چېگرا سودىسى يولغا قويۇلۇپ يەنە نۇرغۇن كىشى تىجارەت ئۈچۈن چەتئەللەرگە چىقىپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشقا چىقتى.

ھازىر دۇنيادىكى 2 مىليوندىن ئارتۇق شەرقى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار20 دىن

ئارتۇق دۆلەتتە ئولتۇراقلىشىپ ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردە شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ھەرخىل تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ سىياسى تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ كۆرەش قىلماقتا.

1992 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگە قەدەر تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە 14 دۆلەتتىكى شەرقى تۈركىستان داۋاسى تەشكىلاتلىرىنىڭ رەسمى ۋەكىللىرى توپلىنىپ ۋەتەننى قۇتقۇلدۇرۇشنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسى پروگراممىسى ۋە تەشكىلى ئاپاراتىنى تۈزۈپ چىقتى.

## تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدە

1952 ـ يىلى مەھمەت ئىمىن بۇغرا، ئىيسا ئالپتېكىن باشچىلىقىدىكى شەرقى تۈركىستانلىقلاردىن 1850 نەپەر كىشى كەشمىردىن، 1965 ـ يىلى 237 نەپەر كىشى ئاۋغانىستاندىن، 1967 ـ يىلى 90 نەچچە نەپەر كىشى ئاۋغانىستاندىن، 1969 ـ يىلى 100 نەچچە نەپەر كىشى كەشمىردىن، 1982 ـ يىلى 2 مىڭغا يېقىن كىشى ئاۋغانىستاندىن كوللېكتىپ ھالدا تۈركىيەگە كېلىپ پانالىق تىلىدى. ئۇندىن باشقا ھەج مۇناسىۋىتى، تۇققان يوقلاش ۋە تىجارەت، زىيارەتلەر بىلەن تۈركىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار 5 مىڭ كىشىدىن ئاشىدۇ. بۈگۈن 25 مىڭدىن ئارتۇق شەرقى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل، ئەنقەرە، ئىزمىر، قەيسەرى، قەھرىمان ماراچ، كونيا، نىيدە، سالىھلى، ۋان قاتارلىق شەھەرلىرىدە ياشىماقتا. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن گېنراللار، پروفېسسورلار، مىليونېرلار، مەمۇرى، كەسپى كادىرلار، تىجارەتچىلەر يېتىشىپ چىقتى ھەمدە ۋەتەن داۋاسى ئۈچۈن ئۈچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

مەھمەت ئىمىن بۇغرا، ئىيسا ئالپتېكىن قاتارلىق يېتەكچىلەر ھەرخىل سىياسى ۋە ئىجتىمائى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، گېزىت، ژورنال چىقىرىپ، شۇنىڭدەك دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر

www.uyghurkitap.com

تەشكىلاتى، خەلقارا ئىسلام بىرلىكى تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقارا تەشكىلاتلارغا باياناتلار ئېلان قىلىپ ، شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق داۋاسنى خەلقاراغا ئاڭلاتتى . بۈگۈن تۈركىيدىكى قېرىنداشلىرىمىز گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىننىڭ باشچىلىقىدىكى شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئويۇشۇپ، ۋەتەن داۋاسى كۆرىشىنى خەلقارالاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلماقتا .

هازىر تۈركىيدە « شەرقى تۈركىستان ئاۋازى » ، « شەرقى تۈركىستان » ، «كۆك بايراق » قاتارلىق ژورناللار ، « شەرقى تۈركىستان ياشلىرى » ، « شەرقى تۈركىستان » قاتارلىق گېزىتلەر شۇنىڭدەك بىرمۇنچە كىتاپ، كالىندارلار نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلماقتا .

## سەئۇدى ئەرەبىستاندا

ئەسىرلەردىن بېرى ، بولۇپمۇ يىقىنقى ئەللىك يىلدىن بېرى شەرقى تۈركىستاندىن ھەج قىلىش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانغا كىلىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان شەرقى تۈركىستانلىقلار 10 مىڭدىن ئاشىدۇ . ئۇلار مەككە ، مەدىنە ، رىياز ، جىددە ، تايىپ قاتارلىق شەھەرلەردە بولۇپ، ئارىسىدىن ئاتاغلىق مىليونىرلار ، زىيالىلار ، مەمۇرى ئەمەلدارلار ، ئۇچقۇچىلار ، تىجارەتچىلەر يىتىشىپ چىقتى. سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى شەرقى تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلار 10 نەچچە يەردە رابات ـ ھەقسىز مىھمانخانا ئىچىپ، ھەجگە كەلگەن قېرىنداشلىرى ئۈچۈن زور ياردەملەرنى قىلماقتا . دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى داۋا تەشكىلاتلىرىغا، ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ۋەتەندىكى قىرىنداشلىرىغا ئىقتىسادى جەھەتتە زور ياردەملەرنى بېرىپ ۋەتەن داۋاسى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىماقتا .

سەئۇدى ئەرەبىستاندا خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن مەھمەت شاھ ھەبىبۇللا ، ئىلى هاجىم روزى، ئىبراھىم ۋاسلى، ئابدۇغۇفۇر ئىمىن ، ھۆسەيىن قارى ئىسلامى، رەھمىتۇللاھ تۈركىستانى، ئابابەكرى ئەلەم ئاخۇنۇم، ئابدۇزاھىر داموللام، تۇرسۇن

هاجىم يېڭىسارى، ئابدۇساتتار مەۋلەۋى قاتارلىق زاتلار سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى ئويۇشتۇرۇش، يېتەكلەش يولىدا ئەجىر سىڭدۇردى.

## قازاقىستاندا

قازاقىستاندا ئەسلىدىكى يەتتەسۇ تارانچى ئۇيغۇرلىرى ۋە كېيىن كۆچۈپ چىققانلار بولۇپ 1 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. ئۇلار ئالماتا، ياركەنت، چىمكەنت، چونجا، ئۇيغۇر رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دۆلەت ئادەملىرى، ھەربى قوماندانلار، زىيالىلار، يازارلار، مەمۇرى كادىرلار، فابرىكانتلار، تىجارەتچىلەر يېتىشىپ چىقتى.

ھازىر قازاقىستاندا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىككى گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيە، نەشرىيات، ئۇيغۇر ئىنستىتوتى، تىياتىرخانا، سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە شىركەتلەر بار. ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىق كۆرەشلىرىدە زور خىزمەت كۆرسەتكەن ئابدۇرەئۇف مەخسۇم، زۇنۇن تېيىپوف، زىيا سەمەدى، ھىزمەت ئابدۇللىن قاتارلىقلار قازاقىستاندا ياشىغان. بۈگۈن قازاقىستاندىكى ۋەتەن داۋاسى تەشكىلاتلىرى ئورتاق كېڭىشىپ چىگرا بويىدىكى قولايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ۋەتەن، مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئۈچمەس تۆھپىلەر قوشماقتا.

## ئۆزبەكىستاندا

ئۆزبەكىستاندا ئەزەلدىن ياشاۋاتقان ۋە كېيىن كۆچۈپ چىققانلار بولۇپ، 60 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. ئۇلار تاشكەنت، ئەنجان، بوخارا، يانگى يول قاتارلىق شەھەرلەرگە جايلاشقان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋەتەن ئۈچۈن كۆرەشكەن پىشقەدەم ھەربىلەر، زىيالىلار، يازارلار، تىجارەتچىلەر، ھۈنەرۋەنلەر بار. ئۆزبەكىستاندىكى قېرىنداشلىرىمىز ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئەتراپىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئويۇشۇپ وەتەن داۋاسى يولىدا كۆرەشمەكتە.

## قىرغىزىستاندا

قىرغىزىستاندا 50 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ياشايدۇ. ئۇلار بىشكەك قاتارلىق شەھەرلەرگە يەرلەشكەن بولۇپ، ئارىسىدا مىللەت ۋەكىللىرى، دۆلەت مەمۇرلىرى، زىيالىلار، تىجارەتچىلەر بار. قىرغىزىستاندىكى قېرىنداشلىرىمىز ۋەتەنگە چىگرىداش بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، قىرغىزىستاننىڭ قانۇنلىرى دائىرىسىدە مىللىتىنىڭ هۆررىيىتى ئۈچۈن تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە كۆرەش قىلماقتا.

## ئامېرىكىدا

ئامېرىكادا ياشاۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلار 2 مىڭغا يېقىن بولۇپ، ئاساسەن نيۇيورك، ۋاشىنگتون، لوس ئانجېلىسلارغا يەرلەشكەن. پىروفىسور، تەتقىقاتچى، مەمۇرى كادىر، ئوقۇغۇچى، تىجارەتچىلەر زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەن داۋاسى يولىدا ئىلمىي كۆرەشلەرنى قانات يايدۇرماقتا.

ئامېرىكىدا ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان ۋەتەن داۋاسى تەشكىلاتلىرى يېڭى كۆرەش سەپلىرىنى ئاچماقتا.

## گېرمانىيەدە

گېرمانىيەدە 300 گە يېقىن ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. كۆپ قىسمى ميونخېن شەھرىدە بولۇپ، تۈركىيەدىن ئىش بىلەن كەلگەنلەر ۋە شەرقى تۈركىستاندىن كېلىپ پانالانغانلار بولۇپ ئاساسەن ئىشچىلىقتا ئىشلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىن ئالپتېكىن

باشچىلىقىدىكى مىيونخېندا قۇرۇلغان تەشكىلاتى ۋەتەن داۋاسىنى ياۋرۇپادا ئاڭلىتىشتا چوڭ رول ئوينىدى. 1996 ـ يىلى دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ مىيونخېندا ئېچىلىشى گىرمانىيەدىكى ۋەتەن داۋاسى كۆرىشىنى يەنىمۇ بىر بالداق يوقىرى سەۋىيىگە كۆتەردى.

## ئاۋىستىرالىيەدە

ئاۋىستىرالىيەگە 1980 ـ يىللاردا بىر تۈركۈم شەرقى تۈركىستانلىقلار كۆچۈپ بارغان . هازىرقى نوپوسى مىڭدىن ئاشىدۇ . ئەخمەت ئىگەمبەردى يېتەكچىلىكىدىكى تۈركىستان جەمىيىتى ئاۋىستىرالىيەدىكى ئۇيغۇر ، ئۆزبېك، تاتار ، قىرغىزلارنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ، ۋەتەن داۋاسىنى دۆلىتى ئىچى ۋە سىرتىدا ئاڭلاتماقتا .

## ياپونىيەدە

ياپونىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە ئوقۇۋاتقان، ئىشلەۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلار مىڭدىن ئاشىدۇ . ئىلمي تەتقىقات بىلەن شوغۇللىنىۋاتقان، ئىشلەۋاتقان ۋە ئوقۇۋاتقان شەرقى تۈركىستانلىقلار گېزىت، ژورنال، رادىئولاردا ماقالىلار يېزىپ ئېلان قىلىپ ، كىتاپلار يېزىپ ۋە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىپ شەرقى تۈركىستاننىڭ تارىخى، مەدەنى، سىياسى ۋەزىيىتىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇپ ۋەتەن داۋاسىغا هەسسە قوشماقتا .

## باشقا دۆلەتلەردە

يوقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە ، تۈركمەنىستان، مىسىر ، پاكىستان، ئاۋغانىستان، هىندىستان، كەشمىر ، روسىيە ، شۋېتسارىيە ، گوللاندىيە ، ئەنگلىيە ، كانادا ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغارىستان، قىبرىس، كۇۋەيت قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ۋە ئوقۇۋاتقان 10 مىڭدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ھۆررىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئۆز تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسەتمەكتە.

روس كوممۇنىستلىرى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ، دۇنيادا يېگانە قالغان كوممۇنىست خىتايلارنىڭ ساختا سىياستى ۋە چېكىدىن ئاشقان تاجاۋۇزچىلىق ماھىيتىنى تونۇپ يەتكەن ، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا خىتايلارنىڭ مۇسۇلمان تۈركلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان قانلىق باستۇرۇشلىرىنى كۆرگەن دۇنيا جامائىتى بارلىق دۆلەتلەردە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن رەسمىي ۋە غەيرى رەسمىي يوللار بىلەن كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمەكتە.

# خەلقارادىكى داۋا تەشكىلاتلىرىمىز

1 ـ « شەرقى تۈركىستان مىللى مەركىزى » ـ

ئورنى تۈركىيەدە ، كوردېناتورى گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىن ، ئادرىسى:

Damat İbrahim Paşa medresesi Eminönü Şahzade
Başi Dede Efendi Caddesi No 4 İstanbul - TÜRKİYE

تېلفون: 0 212 ـ 5 2 1 6 0 0 2 ، 0 212 ـ 5 2 6 3 5 7 6

يانچۇق تېلفون : 0 5 3 2 ـ 2 5 1 6 5 9 3

فاكس : 0 212 ـ 5 3 4 8 0 6 7

2 ـ « شەرقى تۈركىستان ۋاقپى » ـ

ئورنى تۈركىيەدە ، باشلىقى گېنىرال مەھمەت رىزا بەكىن ، ئادرىسى :

Küçüksaray Apt. No: 26 - 3 Millet Cad. Aksaray
P.K. 34270 İstanbul - TÜRKİYE

تېلفون : فاكس : 0 2 1 2 ـ 5 3 4 8 0 6 7 فاكس : 0 212 ـ 5 2 1 6 0 0 2

3 ـ « شەرقى تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيىتى » ـ

ئورنى تۈركىيەدە ، باشلىقى سېيىت تارانچى ، ئادرىسى :

Küçüksaray Apt. No: 26 - 3 Millet Cad. Aksaray
P.K. 34270 İstanbul - TÜRKİYE

تېلفون : 0 2 1 2 ـ 5 2 6 3 5 7 6

4 ـ « شەرقى تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمىيىتى » ـ

ئورنى تۈركىيەدە ، باشلىقى ئابدۇۋەلىجان ، ئادرىسى :

58- Bulvar Cad. 1- 130 P.K. 34760 Zeytinburnu
İstanbul - TÜRKİYE

تېلفون : 0 2 1 2 ـ 5 5 8 6 9 6 3

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

5 ـ « شەرقى تۈركىستان كۈلتۈر ھەمكارلىق جەمىيىتى » ـ
ئورنى تۈركىيەدە، باشلىقى مەھمەت ئىمىن باتۇر، ئادرىسى :

Hoca Ahmet Yesevi Mah.Türkistan Evleri 44.Sokak
A - 28 P.K. 38090 Hocasinan- kayseri . TÜRKİYE

تېلفون : 0352 ـ 3393965

6 ـ « ئا ق ش ـ ئۇيغۇر جەمىيەتلىرى بىرلەشمىسى » ـ
ئورنى ئامېرىكىدا، باشلىقى دولقۇن قەمبىرى ، ئادرىسى :

Dr. Erkin Sidiek 3897 Aragon Lane
San Ramon CA 94583 U.S.A
Tel : 925 - 867 - 1718 , 925 - 294 - 7751
Fax : 925 - 294 - 7747

7ـ « ئا . ق . ش شەرقى تۈركىستان مىللى تەتقىقات مەركىزى »
ئە ، نـ . ئامېرىكادا، باشلىقى غۇلامىددىن پاختا ، ئادرىسى :

G. Pahta P. O . Box 178 - East Meadow
New York 11554 U .S. A

تېلفون ، فاكس : 0516 ـ 5424669 ، 001 ـ 201 ـ 4898279

8 ـ « تەڭرىتاغ ئوقۇغۇچى ۋە ئالىملار جەمىيىتى » ـ
ئورنى ئامېرىكادا، باشلىقى تۇغلۇق ئابدۇلرازاق ، ئادرىسى :

Tughluk Abdulrazak 5301 Yardley
Terrace, Durham NC 27707 U.S.A
Tel - Fax : 919 - 489 - 6413

9 ـ « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق مىللى مەركىزى » ـ
ئورنى ئامېرىكادا، باشلىقى ئەنۋەر يۈسۈپ، ئادرىسى :

1015 Tulip Tree Bloomington in 47406 USA

تېلېفون : 001-812-8574522

10 - « تەكلىماكان ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى » -

ئورنى ئامېرىكادا، باشلىقى ئابلاجان لەيلى نامان، ئادرىسى :

Pobox 3320 Grnad Central Station Newyork NY
10163 USA

تېلفون : 001-202-4882763

11 - « ئاۋستىرالىيە تۈركىستان جەمىيىتى » -

ئورنى ئاۋستىرالىيەدە، باشلىقى ئەخمەت ئىگەمبەردى ، ئادرىسى :

Australian Turkistan Assocition 52- 56 Wandana
Ave GLS . PLS.SA 5086 Australia

تېلفون : 83591674(08) ، فاكس : 83591674(08)

12 - « بىرلەشكەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى سىياسى كېڭەشى » -

ئورنى قازاقىستاندا، قوش رەئىسى : يۈسۈپ مۇخلىسى، سابىت ئابدۇراخمانوۋ، قەھرىمان خوجامبەردى ، ئادرىسى :

Kazakistan Almata P.K 480021
Kurmangazi 29

تېلفون: 0073-272-695051

13 - « خەلقارا ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى » -

ئورنى قازاقىستاندا، باشلىقى قەھرىمان خوجامبەردى ، ئادرىسى :

Kazakistan. Almaata P.K. 480021 Kurmangazi 29
İnterinbest Bank P- O 760690I Kod 704 P –NN

تېلفون : 0073 (272) - 280670 ، فاكس: 0073 (272) 695051

14 - « شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق مىللى بىرلىك سېپى » -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئورنى قازاقىستاندا، باشلىقى يۈسۈپ مۇخلىسى، ئادرىسى :

Kazakistan Almaata

تېلېفون :

15 ـ « ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » ـ

ئورنى قازاقىستاندا، باشلىقى سابىت ئابدۇراخمانوۋ، ئادرىسى :

Kazakistan Almaata Dirojba mahellesi G. Sedivakkasov Koçasi 21. Öy

تېلېفون : 0073 (272) 280948 ، فاكس: 0073 (272) 639204

16 ـ « قازاقىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى » ـ

ئورنى قازاقىستاندا، باشلىقى پەرھات ھاسانوۋ، ئادرىسى :

Parhat Hasanov . Kazakistan Almata
Yol: Riskulova 39
Tel: 3272 - 380276 , 3272 - 380320

17 ـ « ئۇيغۇر ئاۋازى گېزىتى » ـ

ئورنى قازاقىستاندا، باشلىقى يولداش ئازماتوۋ، ئادرىسى :

Kazakistan Almaata Yipek Yolu koçasi 50 - Bina
8- kat

Tel : 3272 - 338459 , 3272 - 338455

18 ـ « نازۇگۇم ئۇيغۇر ئاياللىرى تەشكىلاتى » ـ

ئورنى قازاقىستاندا ، باشلىقى دىلبەر سامساقوۋا ، ئادرىسى :

Dilbirim Samsakova - Kazakistan Almata
Yol : Karasay Batira D. 85 KOM - 403
Tel : 3272- 631433, 3272 - 368461

19 ـ « قازاقىستان ئىسلام فوندى جەمىيىتى » ـ
ئورنى قازاقىستاندا، باشلىقى زەينىدىن بوساقوۋ، ئادرېسى:
Kazakistan Almaata İslam Fondi teşkilati

تېلېفون:
20 ـ « يادرولۇق ئاپەتكە قارشى لوپنور بۆلۈمى » ـ
ئورنى قازاقىستاندا ، باشلىقى هۆرقىز ئەلىيېۋا، ئادرېسى:

Hörkiz Eliyiva - Kazakistan Almata
Yol : Vinogradova 85
Tel : 3272 - 633900 , 3272 - 292507

21 ـ « قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇمهۇرىيەتلىك ئىتتىپاقى » ـ
ئورنى قىرغىزىستاندا، باشلىقى نىغمەت ئابدۇقادىر ، ئادرېسى :
Kirgizistan Beşkek Şehir
009_96312_297818
تېلېفون : 009_96312_432133
22 ـ « ئىنسان هەقلىرىنى هىمايە قىلىش، دېموكراتىيە تەشكىلاتى » ـ
ئورنى قىرغىزىستاندا، باشلىقى تۇرسۇن ئىسلام ، ئادرېسى:
Kirgizistan Beşkek Şeher Sövitiskaya koçasi Ev 32

تېلېفون: **Tel : 3272 - 446494**
23 ـ « مەركىزى ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ئاخبارات ـ لايىهە مەركىزى » ـ
ئورنى قىرغىزىستاندا ، باشلىقى نۇرمەمەت كەنجى ئوغلى، ئادرېسى :
Kirgizistan Beşkek Şehir 720060 - 22-66 11m

تېلېفون :

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

24 ـ « قىرغىزىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى » ـ
ئورنى قىرغىزىستاندا ، باشلىقى : دانىك ئابباسوۋ ، ئادرىسى :

تېلېفون :
25 ـ « قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » ـ
ئورنى بەشكەكتە ، باشلىقى ئەكبەرجان باۋۇدۇن ، ئادرىسى :

007-3272-255369

26 ـ « ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى » ـ
ئورنى تاشكەنتتە ، باشلىقى قۇربانجان ئەخمەت ، ئادرىسى :

Özbekistan Taşkent Sergili - 5 DOM- 61 KB - 20

تېلېفون :
27 ـ « ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » ـ
ئورنى تاشكەنتتە ، باشلىقى سېيىتجان سېيىتشوپ ، ئادرىسى :

تېلېفون :
28 ـ « تۈركمەنىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى » ـ
ئورنى تۈركمەنىستاندا ، باشلىقى ، ئادرىسى :

Türkmenestan Aşhabad Uyğur Medeneyet Merkizi

تېلېفون :

29 ـ « تاجىكستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى » ـ
ئورنى تاجىكستاندا، باشلىقى شەمسىدىن ياسىنوۋ ، ئادرىسى :

Tajikistan Düşenbe Uyğur Mediniyet Merkizi

تېلفون :

30 ـ « ياۋروپا شەرقى تۈركىستان بىرلىگى » ـ
ئورنى گېرمانىيەدە ، باشلىقى ئەسقەرجان ، ئادرىسى :

Asgar Can St. Blasien StraBe 2 . 80809
München - GERMANY

تېلفون : 0049-89-23340738 0049-89-23340796

31 ـ « ياۋروپا ئۇيغۇر ئىتتىپاقى » ـ
ئورنى گېرمانىيەدە، باشلىقى ئابدۇجېلىل قارىقاش ، ئادرىسى :

Uygurischer Verein e.V 15617
Lindwurmstr . 99; D - 80337 München G.
Tel: 004989- 54404772 Fax: 004989- 54456330

32 ـ « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى كومىتتى » ـ
ئورنى گېرمانىيەدە ، باشلىقى ئۆمەر قانات ، ئادرىسى :

Konor sir 85 Rgb. 80807 München ĞERMANY

تېلفون : **Tel : 354 65 950**

33 ـ « ئەنگلىيە شەرقى تۈركىستان بىرلىگى » ـ
ئورنى ئەنگلىيەدە، باشلىقى سۇلايمان ئوقۇتان ، ئادرىسى :

تېلفون :

34 ـ « ئەرەبستان رادىئوسى تۈركستان بۆلۈمى » ـ

ئورنى سەئۇدى ئەرەبستاندا، باشلىقى ئابدۇلئەھەد مۇھەممەدئەلى، ئادرىسى :

Saudi Arabistan Radiosi Türkistan Bölümi

تېلفون :

35 ـ « نسۇ شەرقى تۈركستان جەمىيتى » ـ

ئورنى ئاۋستىرالىيەدە، باشلىقى ئەيسا ئۇيغۇر، ئادرىسى :

**Ferhat .Z . Kadiri 43 Bodalla . ST**
**Fairfield hight NSW . 2165**
**Tel : ( 02 ) 96045085**

36 ـ « ۋىكتورىيە شەرقى تۈركستان جەمىيتى » ـ

ئورنى ئاۋستىرالىيەدە ، باشلىقى

**Yüsüf Rozi 12 . Hillside Ave**
**North Dandenong VİC . 3175**
**Tel : ( 03 ) 97919439**

37 ـ « روسىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى » ـ

ئورنى روسىيە۔ موسكۋادا، باشلىقى رەفقەت سادىقوۋ، ئادرىسى :

Rusiya Moskva

تېلفون : 5 8 2 1 7 9 5 ـ ( 095 ) ، فاكس : 5 8 2 3 1 4 7 ( 095 )

38 ـ « ۋىژدان ئاۋازى گېزىتى » ـ

ئورنى قىرغىزستاندا ، باشلىقى مۇزەپپەرخان قۇربان ، ئادرىسى :



www.uyghurkitap.com

Kirgizistan Beşkek VİJDAN AVAZİ Gazéti

تېلفون : 007-3272-2433٩٦

39 ـ « شۋېتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى » ـ

ئورنى شۋېتسىيە ستوكهولمدا ، باشلىقى فارۇق سادىقوۋ ، ئادرىسى

HİNDERSTOR PSGRAND 3 16372 SPANGA
SWEDEN

تېلفون : 0046-8-58549715 0046-8-50802899

40 ـ « شەرقىي تۈركىستان ۋەقپى مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزى » ـ

ئورنى : تۈركىيە ئىستانبۇلدا ، باشلىقى ئابدۇلھېكىم ئىلتەبىر ، ئادرىسى:

Damat İbrahim Paşa medresési Eminönü Şahzade
Başi Dede Efendi Caddesi No 4 İstanbul - TÜRKİYE

تېلفون : 76 35 526 ـ 212 0 ، فاكس :

ئۇنىڭدىن باشقا ھىندىستان، پاكىستان، ئاۋغانىستان، كەشمىر، موڭغۇلىيە، ياپونىيە، شياڭ گاڭ، مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان، شۋېتسارىيە، گوللاندىيە، بۇلغارىستان، كانادا، قىبرىس، كۇۋەيت ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى ھازىرچە ئىسىم، ئادرىسىنى ئېلان قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمىگەن رەسمىي ، غەيرى رەسمىي ۋە مەخپىي تەشكىلاتلار ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىق كۆرىشىنى داۋاملاشتۇرماقتا .

## پايدىلانغان ئەسەرلەرنىڭ تىزىملىكى :

« تۈرك قوللانمىسى » تۈرك كۈلتۈر تەتقىقات ئىنستىتوتى ، 1993 - يىل ئەنقارا
« جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن 40 يىل » 1991 - يىل ئۈرۈمچى نەشرى
« ئۇيغۇر تارىخى » لىيۇزىشياۋ ، 1988 - يىل بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى
« شىنجياڭنىڭ 50 يىلى » بۇرھان شەھىدى، 1986 - يىل مىللەتلەر نەشرىياتى
« ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى » ئا . ھەببۇللا ، 1993 - يىل ئۈرۈمچى نەشرى
« ئانا يۇرت - ئالتۇن دىيار » ئا . يونۇس ، 1987 - يىل ئۈرۈمچى نەشرى
« مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ئومۇمى بايان » فاڭ لى ، 1988 - يىل ئۈرۈمچى خەلق نەشرىياتى
« شىنجياڭدىكى مىللەتلەر تارىخى » ئەنۋەر بايتۇر ، خەيرىنىسا سىدىق ، 1991- يىل بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى
« ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن .... » جاڭ جىژجۇڭ ، 1987 - يىل ئۈرۈمچى نەشرى
« ئومۇر داستانى » سەيپىدىن ئەزىزى ، 1990- يىل بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى
« خەننامە » بەنگو ، 1993 - يىلى ئۈرۈمچى خەلق نەشرىياتى
« تارىخى خاتىرىلەر » سىماچيەن ، 1989 - يىل ئۈرۈمچى خەلق نەشرىياتى
« شىنجياڭنىڭ قىسقىچە تارىخى » 1984 - يىل ئۈرۈمچى خەلق نەشرىياتى
« ش. ئۇ. ئا. ر يىلنامىسى » 1990 - 1996 يىللىرى ئۈرۈمچى نەشرى
« تارىختىن قىسقىچە بايانلار » ئى. نىياز ، 1989 - يىل ئۈرۈمچى نەشرى
« ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى » ۋ. غوپۇر ، ئە. ھۆسەيىن ، 1988 - يىل بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى
« ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى » ن. زامان ، 1988 - يىل ئۈرۈمچى نەشرى
« سەئىدىيە تارىخى ماتېرىياللىرى » ش. جوراس، 1988 - يىل ئۈرۈمچى نەشرى
« 9 - 12 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى » ئا.گ. مالىياۋكىن، ( ئۇ. سايرانى

تەرجىمىسى ) 1993 - يىل ئۈرۈمچى خەلق نەشرىياتى
«ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار» ئا. تالىپ، 1987 - يىل، ئۈرۈمچى خەلق نەشرىياتى
«دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ماھمۇت قەشقەرى، 1984 - يىل ئۈرۈمچى نەشرى
«سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ھ. نۇرھاجى، 1993 - يىل ئۈرۈمچى خەلق نەشرىياتى
«ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» ئا. مەمتىمىن، 1981 - يىل بېيجىڭ نەشرى
«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 1980 - يىل ئۈرۈمچى نەشرى
«بىزنىڭ تارىخى يېزىقلىرىمىز» قۇربان ۋەلى، 1986 -يىل ئۈرۈمچى نەشرى
«ئۇيغۇرلار» تۇرغۇن ئالماس، 1989 - يىل ئۈرۈمچى ياشلار نەشرىياتى
«تارىخى ئەمنىيە» موللا مۇساسايرامى، 1988 - يىل ئۈرۈمچى نەشرى
«يىپەك يولىدىكى 99 سىر» چىيەنداۋشىنىسى، 1986 - يىل ئۈرۈمچى نەشرى
«ماھمۇت قەشقەرى» ( ماقالىلار ) 1985 - يىل قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
«قەشقەرىيە» ئا. ن. كوروپاتكىن، (ھەكىمە ئەرشىدىن تەرجىمىسى ) 1984 - يىل ئۈرۈمچى خەلق نەشرىياتى
«شەرقى تۈركىستان تارىخى» مەمتىمىن بۇغرا، 1964 - يىل ئەنقارا نەشرى
«ۋەتەن قايغۇسى» مەمتىمىن بۇغرا، 1983 - يىل فاتىمە بۇغرا ئەنقارا نەشرى
«شىنجاڭنىڭ يېزا ئىقتىسادى ۋە تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقىقات» رازاق تۇمۇر، 1996 - يىل ئۈرۈمچى خەلق نەشرىياتى نەشرى
«ش. ئۇ. ئا. ر نىڭ ئىقتىسادى جۇغراپىيىسى» ئا. ئابدۇررۇسۇل تەرجىمىسى، 1996 - يىل ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرى
«ش. ئۇ. ئا. ر نىڭ قانۇن - نىزام، قائىدە - تۈزۈملەر توپلىمى» 1991 - يىل ئۈرۈمچى خەلق نەشرىياتى نەشرى
«شىنجاڭنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى» 1985 - يىل ئۈرۈمچى خەلق نەشرىياتى
«شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «

www.uyghurkitap.com

ئىچكى پايدىلىنىش خەۋەرلىرى » ، «ئاپتونومىيە قانۇنى»، « ش. ئۇ. ئا. ر پارتكوم كادىرلار يىغىنى دوكلادى » ، «ئۈرۈمچى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى ھۆكۈمنامىلىرى » ، « ج. ك. پ مەركىزى بىيورۇ نىڭ 7 - نومۇرلۇق مۇتلەق مەخپى ھۆججىتى » قاتارلىق ماتېرىياللار ...

مۇقەددەس ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستىقلالى يولىدا قىممەتلىك ھاياتىنى پىدا قىلغان قەھرىمان شېھىتلەرنىڭ ئەزىز روھىغا بېغىشلايمەن !
جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى بىزگىمۇ نەسىپ ئەتسۇن.

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر

**DOĞU TÜRKİSTAN MİLLİ MERKEZİ YAYİNLARI**

**ADRES : Dede efendi sokak No : 4**
**Şehzadebaşi İSTANBUL TÜRKİYE**
**TEL:0212 526 35 76 FAX: 0212 526 09 72**





شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەداللىرى ( 1944 . يىل )
شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايرىقى ( 1933 . يىل )
شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىنگلىزچە ئىزاھ خەرىتىسى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





يۇقىرىدا: قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسى   ئوتتۇرىدا: گۈزەل تەڭرىتاغلىرى   تۆۋەندە: يەركەندىكى ئامانىساخان مەقبەرىسى